بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا




# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني


4

1984



جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئايروپىلانى-
نىڭ پاكىستانغا قاتنىغانلىغىنىڭ 10 يىللىغى
ۋە پاكىستان خەلقارا ئاۋىئاتسىيىسى شىركىتى
ئايروپىلانىنىڭ جۇڭگوغا قاتنىغانلىغىنىڭ 20
يىللىغىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش
ئۈچۈن كەلگەن پاكىستان دوستلۇق ۋەكىللەر
ئۆمىگىنىڭ باشلىغى م. رەھىم. خان 5 -
ئاينىڭ 11 - كۈنى نيۇجيې مەسچىتىدە
سۆز قىلماقتا.





△ لىۋىيە دىنىنى تەشۋىق قىلىش جەمىيى-
تى «گىخاد» ژورنىلىنىڭ مۇخبىرى بەرگى
جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچى-
لىرىنىڭ ئەرەبچە دەرسلىك ئوقۇغانلىغىنى
ئاڭلىماقتا.

لىۋىيە قىرائەت قىلىش ئۆمىگى جۇڭگو
ئىسلام جەمىيىتىنىڭ خانىقاسىدا ئىسلام دىنى
ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قۇرئان كېرىم-

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژورنال)

4

1984 ـ يىل

(ئومۇمى 17 ـ سان)

## مۇندەرىجە

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيلى ........
........ ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى ( 2 )
پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى(2) ...... ما جاۋچۈن ( 8 )
قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىشنىڭ شەرتى ۋە قائىدىسى ........ ۋېن شىگسەن ( 18 )

ئىسلامغا دائىر ساۋات

سالاملىشىشنىڭ تارىخى ۋە ئۇسۇلى ........ مۇبەي ( 21 )
قۇربان ھېيت ........ چېن جىنخۇي ( 23 )

جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى مۇدىرلار يىغىنىنى چاقىردى........ يى دىڭ ( 27 )
كاڭجۇاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىسى قۇرۇلدى ........ ما ۋەنفا ( 28 )
ئۈرۈمچى، شىنىڭ، جىڭيۈەن قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيىلەردە ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلدى.
خۇبېي، شېنياڭ، شىنجاڭ، جېجىياڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام جەمىيەتلىرى ۋەكىللەر
يىغىنىنى ئۆتكۈزدى ........ ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى ( 29 )
پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى روزا ھېيتىنى شات ـ خۇراملىق بىلەن
ئۆتكۈزدى ........ ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى ( 34 )
مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ،
ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى........
........ لياۋنىڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ 2 ـ باشقارمىسى ( 37 )
جىڭيۈەن ناھىيىسى مىللى خىزمەتنى كۈچەيتىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى راسا چىڭ
تۇتتى ........ چى گاڭ زى چېڭ شاڭ يىڭ ( 41 )
بىز ياخشى كۆرىدىغان چېن جۇنۋېن ئاخۇنۇم ........ ما ۋېيجى ( 46 )
خۇەيشېڭسى مەسچىدىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى ........ گۇەن ليەنجى ۋاڭ جېن ( 48 )
يەنجى مەسچىدى ........ خۇ ۋېنمىڭ ( 52 )
ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا ........ ما شەنىي ( 54 )
مەككىلىك ئەزىز مېھمانلار نىڭشيادا ........ ئا لىڭ ( 59 )
لىۋىيە مۇخبىرى بەرگى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى ........ دىڭ ۋېن ( 64 )
خۇەيشېڭسى مەسچىدى (فوتو سۈرەت) ........ (مۇقاۋىدا)

☆ 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى نەشردىن چىقتى ☆

# دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيلى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى

بىز ئىنتايىن ھاياجانلىق ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تەنتەنە قىلىدىغان شانلىق بايرام — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى كۈتۈۋالماقتىمىز ھەمدە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى سەپلەردە كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز ۋە ئۇلارنىڭ بايرىمىنى قۇتلۇقلايمىز!

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان قۇل بولۇپ كەلگەن تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇرغانلىقى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان يېڭى ئەسىرنىڭ ئېچىلغانلىقىنى نامايەن قىلدى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گۈللىنىش، قۇدرەت تېپىشنىڭ داغدام يولىغا قەدەم تاشلىدى. شەرق گىگانتى ئويغاندى، قوزغالدى ۋە پۈتۈن دۇنيادا ئۆزىنىڭ مۇھىم رولىنى كۆرسەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 35 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلاشقان ھالدا كۈرەش قىلىپ، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى: ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى ـ دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى ھاكىمىيەت ئورنىتىلدى ۋە مۇستەھكەملەندى، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىخەتەرلىكى قوغدالدى؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇنلىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ يوقىتىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى

تەشكىل قىلغان جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىزم جەمىيىتىگە قەدەم قويدى؛ كەڭ كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قانات يايدۇرۇلۇپ، يېرىم فېئوداللىق ۋە يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگو قالدۇرۇپ كەتكەن قالاق ئىقتىسادىي قىياپەت ئۆزۈل-كېسىل ئۆزگەرتىلىپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىگى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرقەدەر پۇختا ماددىي ئاساس سېلىندى؛ پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ئىشلار ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى؛ خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆستى؛ دۇنيا تېچلىقى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز دۇنيا ئەللىرى قاتارىدا قەد كۆتىرىپ تىك تۇردى، ئۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق كىشى ئېتىۋارسىز قاراشقا بولمايدىغان غايەت زور كۈچ بولۇپ قالدى. قىسقىسى، 35 يىلدىن بۇيان، ۋەتىنىمىزدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردىغان ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇنى روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، بېسىپ ئۆتكەن 35 يىللىق يولىمىز تەپ-تەكشى بولغىنى يوق، ئەگرى-توقاي-لىقمۇ بولدى، ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى“دەك ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق خەلقىمىزگە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىگى سىياسىتىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. لېكىن، جۇڭگو خەلقى لىن بياۋ ۋە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“تىن ئىبارەت ئىككى ئەكسىلئىنقىلاۋىي گۇرۇھنى تارمار قىلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلىدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-رىيىتى تېخىمۇ پىشىپ يېتىلدى ۋە تېخىمۇ قۇدرەت تاپتى. جۇڭگو خەلقى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ، داۋاملىق تۈردە سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلماقتا ھەمدە يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ ۋە ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنى تارمار قىلالايدۇ. تارىخ تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىنى ھەرقانداق كۈچمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىگى سىياسىتى قايتا تەكىتلەندى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە ئەستايىدىل تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىنماقتا، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەر كەينى-كەينىدىن رېمونت قىلىندى ۋە ئېچىۋېتىلدى، مۇسۇلمانلار ھەر يىلى مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلىپ تۇردى، بىرمۇنچە جايلاردا ئىسلام جەمىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى، دىنىي كىتابلار بېسىلدى، كىتاپ-ژورناللار نەشر قىلىندى، ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى ۋە دىنىي كۇرسلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

ۋە ئېچىلدى، چەتئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دىنىي جەھەتتىكى دوستانە بېرىش-كېلىش ۋە ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلدى، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە نورماللىشىپ باردى. مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئۇلار ھەققىدە ھەل قىلغۇچ قارار چىقىرىشقا قاتناشتى؛ ھەرقايسى سەپلەردە ئىشلە-ۋاتقان مۇسۇلمانلار ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ھەسسىسىنى قوشتى ھەمدە ئۇلاردىن نۇغۇن ئىلغارلار يېتىشىپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى؛ مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلۇپ، ئۇلار زور ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمىگە ئېرىشتى، مىللىي تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە رايونلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى؛ مۇسۇلمانلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، مۇسۇلمانلارغا سىياسىي، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە غەمخورلۇق قىلىنماقتا ھەم ئېتىۋار بېرىلمەكتە، نۇرغۇن جايلاردا مۇسۇلمانلار مەكتىۋى، مۇسۇلمانلار دوختۇرخانىسى ۋە مۇسۇلمانلار يەسلىسى قۇرۇلدى، مۇسۇلمانلار گۆش توگلىتىش ئامبىرى قۇرۇلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەكلىك تور-نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، مۇناسىۋەتلىك تۆمۈريول لىنىيىسىدە مۇسۇلمانلار ئاشخانا ۋاگونى قوشۇلدى ياكى مۇسۇلمانلارغا خاس تاماق ئۈستەللىرى ئورنىتىلدى. قىسقىسى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلارغا چوڭقۇر ۋە تولۇق غەمخورلۇق قىلىپ كەلدى، مۇسۇلمانلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىدىن مەمنۇن ۋە مىننەتدار بولماقتا ۋە ئۇنى چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلماقتا. مۇسۇلمانلار ئۆز ۋەتىنىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيمەكتە.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقىنى تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، بىز خۇشاللىق بىلەن دۆلە-تىمىزنىڭ يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز. ھەر مىللەت خەلقى مەملىكىتىمىزنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا، يۈكسەك دېموكراتىيە ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان سوتسىيا-لىستىك قۇدرەتلىك مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا، تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇل-تىيىنىڭ 2-يىغىنى دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، بىر قاتار قارارلارنى ماقۇللىدى. بىز 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-يىغىنىنىڭ ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى

ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك.

## 1. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىش كېرەك

جاۋ زىياڭ يولداش 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا نۆۋەتتىكى ئىچكى قۇرۇلۇش ۋە دىپلوماتىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي فاكچىنلىرىنى سىستېمىلىق تۇردە شەرھلىدى ۋە مۇھىم ھەل قىلغۇچ تەدبىر ھەم كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاۋزىياڭ يولداش مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "بىز داۋاملىق تۇردە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ ئېلىپ بېرىش فاكچىنىغا ئاساسەن، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەرنى داۋاملىق ھالدا تېخىمۇ پۇختا ئىشلىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش تۈرلۈك خىزمەتلەر ئىچىدە يەنىلا مەركىزىي ۋەزىپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ." جاۋ زىياڭ يولداش ئىقتىسادىي خىزمەتتە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت 2 چوڭ ئىشنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان تۇتۇشنى تەكىتلىدى. ئىسلام جەمئىيەتلىرى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جاۋزىياڭ يولداشنىڭ دوكلادىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتنى چوقۇم مەركىزىي ئورۇنغا قويۇشى كېرەك، ھەر كەسىپ، ھەر ساھە-دىكىلەر ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەر مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇشۇ مەركەز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىمكى، مۇشۇ مەركەزگە توسقۇنلۇق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ؛ چوقۇم مۇشۇ 2 چوڭ ئىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ئېنىق تونۇش لازىم. تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەندە، ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇ-لۇشىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى. بىز ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ۋە سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۆپچىلىكى غەربىي شىمال رايونىغا جايلاشقان، چوڭ غەربىي شىمالنى ئېچىش ۋە چوڭ غەربىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىي ئۈمىدى ھېسابلىنىدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ بۇ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلغانلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگەنلىك، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. بىز پائال تۇردە ھەركەتكە كېلىپ، كۆپ يىل تىرىش-چانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق چوڭ غەربىي شىمال رايونىنى تېخىمۇ باي ۋە تېخىمۇ گۈزەل رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم.

## 2. تىرىشىپ پەن-مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

جاۋ زىياڭ يولداش ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، بىلىمگە ۋە زىيالىيلارنىڭ رولىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى كۈچەيتىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسەتتى. بىز مۇسۇلمانلار، بىرىنچىدىن، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، پەن-تېخنىكىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى غايەت زور رولىنى ئېنىق تونۇۋېلىشىمىز لازىم، زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتا ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىغا تايىنىش شەرت. ئىككىنچىدىن، زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەركىمنى ئۆز قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان قىلىش، بىلىمگە ۋە زىيالىيلارغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، مائارىپنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرنى ئوبدان باشقۇرۇش، ياش-ئۆسمۈرلەر چوقۇم مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشى، ئىشلەۋاتقان خادىملار ئىشنىڭ سىرتىدا ئوقۇشى ياكى ئۆزى ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق خادىملاردىن بولۇپ چىقىشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىم.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بەزى كىشىلەر مائارىپ ئىشى راۋاجلانسا ۋە پەن-تېخنىكا ئومۇملاشتۇرۇلسا، دىن ئىشلىرىغا توسالغۇ بولۇپ، دىنغا تەسىر يەتكۈزەرمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. بۇنداق قاراش ۋە ئوي-پىكىر ھەم ئاساسسىز، ھەم ئىنتايىن زىيانلىق. ئىسلام دىنى ئەزەلدىنلا ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە كىشىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: "بۆشۈكتىن تۆشۈككىچە ئۆگىنىڭلار" دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئۆگىنىشنىڭ ئۆمۈربويى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك بولغان چوڭ ئىش ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئىسلام دىنى پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا كىشىلەرنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ تەرەققىيپەرۋەرلىككە توسالغۇ بولۇپ قالمامدۇ؟ ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىسلام دىنى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلەلمىگەن بولاتتى، شۇنداقلا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. دىنغا دائىر بىلىملەرنى ئۆگەنسىلا بولىدى، باشقا بىلىملەرنى ئۆگەنسىمۇ، ئۆگەنمىسىمۇ كارى چاغلىق دەيدىغان ئوي-پىكىر ئىسلام روھىغا بولغان بىر خىل خاتا چۈشەنچە ۋە ئىسلام روھىنى بۇرمىلاش بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. بۇ قاراش قارىماققا دىننى قوغدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىنغا زىيانلىق قاراشتۇر.

## 3. قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش ۋە بىرلىكنى قوغداش كېرەك

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەتنىڭ قانۇن-تۈزۈمى پەيدىن-پەي مۇكەممەللىشىپ

بىرىۋاتىدۇ، بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار قانۇن-تۈزۈم كۆزقارىشىمىزنى ئاڭلىق ھالدا كۈچەيتىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا ۋە سىياسەتلەرگە نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىپ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ بولغان ھەرقانداق قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىۋى ۋە خىزمەت تەرتىۋىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت قانۇنى» ماقۇللاندى، بۇ مۇقەررەر مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىدۇ. بىز بۇ قانۇنلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز ۋە قەتئىي تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش دۆلىتىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يېڭىچە، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ قەدىرلىشىمىز ۋە كۈچەيتىشىمىز، قېرىنداش مىللەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، بىرلىكتە ئالغا بېسىشىمىز لازىم.

مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ، چوڭ ئوخشاشلىقتا بىرلىككە كېلىپ، كىچىك پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىپ، بىر بىرىمىزگە ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلىشىمىز لازىم.

تەيۋەننى ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر. 1997-يىلغا بارغاندا، شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قەتئىي تەۋرەنمەس سىياسىتىمىزدۇر. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە شياڭگاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش جەھەتلەردە ئۆز ھەسسىسىنى قوشۇشى لازىم. بىز تەيۋەندىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بالدۇرراق جەم بولۇپ، بىرلىكتە دىنىي ئىشىمىزنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ۋەتەن قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىرلىكتە ھەسسە قوشۇشنى ئۈمىت قىلىمىز. ئۇ چاغدا بىز چەكسىز خۇرسەن بولىمىز.

نۆۋەتتە، ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى بولماقتا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق. بىز شىجائەتچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەپ، ۋەتەننىڭ تېخىمۇ گۈللەپ روناق تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەشەيلى!

# پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى (2)

## ما جاۋچۈن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج قىلىش مەزگىلىدىكى جۈمە كۈنى سۆزلىگەن يەنە بىر قېتىمقى نۇتقىدا ئالدىنقى قېتىمقى نۇتقىنىڭ بەزى مۇھىم نۇقتىلىرىنى تەكرارلىدى ۋە ئىسلام دىنىدىكى بەش پەرز (شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج ـ تاۋاپ قىلىش)نى يەكۈنلەپ چىقتى؛ يەنە ئىككىنچى كۈنى سۆزلىگەن سۆزىدە ئۆز نۇتقىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردى:

"ئى خالايىق! سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىر، ئاتاڭلار بىر. ھەممىڭلار ئادەم ئاتىدىن بولغان، ئادەم ئاتا تۇپراقتىن يارىتىلغان. كىم ئەڭ مۇتتەقى (ئاللانىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭ توسقان ئىشلىرىدىن چەكلەنگەن ئادەم) بولسا، شۇ ئادەم ئاللانىڭ نەزىرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر. ئەرەپ بولغان ئادەم بىلەن غەيرى ئەرەپ بولغان ئادەمنىڭ قايسىسى تەقۋادار بولسا، شۇ ئەۋزەل."

ئاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاسمانغا قاراپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: "ئى ئاللا! يوليورۇقىڭىزنى يەتكۈزۈپ، ۋەزىپەمنى ئورۇنلىدىم" دېدى. مۇسۇلمانلار بىر ئېغىزدىن "دەرھەقىقەت! ئورۇنلىدىڭىز" دېيىشتى.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا "ئىسلام دىنى كامالەتكە يەتتى" دېگەن ۋەھيى نازىل بولدى: "بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامالەتكە يەتكۈزدۈم، سىلەرگە بەرگەن نېمەتنى تاماملىدىم ۋە دىنىڭلارغا ئىسلامنى تاللىدىم." (5 ـ سۈرە، 3 ـ ئايەت) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋەھيىنى يېنىدىكى مۇسۇلمانلارغا دەرھال ئوقۇپ بەردى. مۇسۇلمانلار بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، لېكىن ئەبۇبەكرىلا ئېچىندى، چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىدىن ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن "ئاللانىڭ دەرگاھى"غا بارىدىغانلىقىنى سەزدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتاقلىق "ۋىدالىشىش ھەجى" دېگەن ئەنە شۇ. قۇرئان كېرىمدىكى "ناسىر سۈرىسى" (110 ـ سۈرە) دەل شۇ چاغدا نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە

قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا قىزىتما كېسەلگە گىرىپتار بولدى. دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇ كېسەل تۇرۇپمۇ مەسچىتكە بېرىپ جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى؛ كېيىن ئۇ بەك ئاجىزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەبۇبەكرىنى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى. ھىجرىيە 11 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (دۈشەنبە) يەنى مىلادى 632 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇنيا بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

## 8. قىسقىچە خۇلاسە

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئىسلام ئۈچۈن جاپا چېكىپ كۈرەش قىلغان ۋە ئاخىرى پۈتۈنلەي غەلىبە قازانغان ھايات. ئىنسانلار تارىخىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش شۇنچىۋالا چوڭقۇر ۋە ئۇزاق تەسىر پەيدا قىلغان ئادەم ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. "سىمىتلەردىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى جەملىگەن" ۋە ئەرەپ جەمىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق بولغان، بارا ـ بارا تەرەققى قىلىپ دۇنيا بويىچە مىليونلىغان خەلق ئېتىقات قىلىدىغان ئۇلۇغ دىنىي ـــ ئىسلام دىنىنى بەرپا قىلغانلىقى ئۇنىڭ بىرىنچى مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. بۇ دىنىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى "بىر ئاللاغىلا ئىشىنىش"، مەبۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇشتىن؛ ئېچىلىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىش، زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئاڭلىق ئەرەپلەر ئۇزاقتىن بېرى كۈرەش قىلغان غايە ئىدى؛ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەر سۈپىتىدە بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئاخىرقى ھېساپتا ئورۇنلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى شۇ بولدىكى، ئۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە بىر قاتار دىنىي ۋە ئىجتىمائى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇزاقتىن بېرى قەبىلىلەر ئۇرۇشى ۋە چەتئەللەرنىڭ تاجاۋۇزى تۈپەيلىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن ۋە خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە قالغان ئەرەپ يېرىم ئارىلىنى ئىسلام دىنىغا بولغان ئورتاق ئېتىقاتنى ئاساس قىلغان، بىرلىككە كەلگەن مىللى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىغان بىر يېڭى كۈچ بارلىققا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ 20 يىل ئۆتمەيلا بۇ يېڭى كۈچ تەڭداشسىز ھەيۋەت بىلەن، شەرق بىلەن غەرپنى قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ تۇرغان 2 چوڭ ئىمپېرىيىگە زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتۋەرىگىنى چىقىرىۋەتتى ھەمدە داۋاملىق تۈردە راۋاجلىنىپ 3 قىتئەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مىسلىسىز چوڭ بولغان ئىسلام دىنى ئىمپېرىيىسىگە ئايلىنىپ، شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۇلۇغ تۆھپە قوشتى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپا مەدىنىيىتى زۇلمەتلىك

ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرغان چاغدا، ئەرەپلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، قەدىمىي يۇنان ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرىنى ساقلاپ قالدى ۋە راۋاجلاندۇردى ھەمدە ئۇنى غەرپكە تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالدى. ئەرەپلەر يەنە جۇڭگونىڭ قەدىمقى مۇھىم كەشپىياتى بولغان قەغەز ياساش، كومپاس، ئوق دورىسى ۋە مەتبەچىلىك تېخنىكىسى قاتارلىقلارنى غەرپكە تارقىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە يېڭى قۇرۇقلۇقنىڭ تېپىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار" دېگەن ئاتاقلىق تەلىمى جۇڭگو بىلەن ئىسلام ئەللىرى، بولۇپمۇ ئەرەپ ئەللىرى خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى سۆز-ھەرىكەتلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئۆگىنىدىغان مۇكەممەل ئۈلگە بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تازا شان-شۆھرەت قازانغان ۋاقىتتىمۇ ئاددىي پۇقرانىڭ جاپا چېكىش ۋە ئاددىي-ساددا ياشاشتەك خىسلىتىنى ساقلاپ، توپا بىلەن ياسالغان بىر نەچچە ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيدە ياشىدى، ھەمىشە كىشىلەر ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆزى ياماپ-تۈمەپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ دۇنيادىكى ئاجىز-نامراتلارغا ۋە ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە ئۇلۇغ ھېسداشلىقىنى بىلدۈردى، ئەزگۈچى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا چەكسىز لەنەت-نەپرەت ياغدۇردى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ رەڭگى ۋە كېلىپ چىقىشىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە قارىماي، ھەممىسى باپ-باراۋەر دەپ ھېساپلىدى. ئۇ "ئاللانىڭ ئەلچىسى" بولسىمۇ، ئۆزىنى "مەن بىر بەندە" دەپ ھېساپلىدى. قۇرئان كەرىمدە (18-سۈرە، 110-ئايەت؛ 46-سۈرە، 9-ئايەت) بۇ تىلغا ئېلىنىدى. ئۇ ئاممىدىن ئايرىلمىغاچقا، ئامما ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلدى. دۇنيا بويىچە مەيلى قايسى مىللەت بولسۇن "كامالەتكە يەتكەن ئادەم" دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ھەرىكىتى ئۇنىڭكىدەك ئەينەن ئۈلگە قىلىنغان بىرمۇ ئادەم يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاغا چىن ئېتىقات قىلدى ۋە ئۆزى ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى پۈتۈن كۈچى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ئايىماي، قەتئىي تەۋرەنمەي ئادا قىلدى. لېكىن ئۇ كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ۋاقىت ۋە يەر شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆردى. بىز تارىخىي ئەرباپلارغا باھا بېرىشتە تارىخنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتسەك بولمايدۇ؛ لېكىن تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەرباپلارنىڭ ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن چوڭقۇر تەسىرى بولسا مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ۋاقىت تارىخىي ئەرباپلار ئۈچۈن سىناقتۇر. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ 15-ئەسىرىگە قەدەم تاشلىغان بۈگۈنكى كۈندە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنىلا پۈتۈن دۇنيا بويىچە بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت نۇرغۇن تارىخشۇناسلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىدى. غەرپتىكى شەرقشۇناسلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىي ئورنىغا يېڭىۋاشتىن بىر

قەدەر ئەتراپلىق باھا بېرىدۋاتىدۇ. ئەنگلىيىلىك يازغۇچى توماس كارلىل تۆنجى بولۇپ 1840 ـ يىلى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام چىن ھەم ئۇلۇغ تارىخىي ئەرباب، مۇشۇنداق ئۇلۇغ دىنىنىڭ "بەرپا قىلغۇچىسى"①غا باھا بېرىشتە ئېھتىياتچان بولۇش لازىم دېگەن كۆز قاراشتا ئوچۇق ـ ئاشكارا چىڭ تۇردى. بۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى مۇسۇلمان تەرجىمھال يازغۇچىلىرىنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام سەممى ۋە ئادىل ئادەم ھەمدە شۇنىڭغا ئوخشاش سەممى ۋە ئادىل ئادەملەر (ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ قاتارلىقلار)نىڭ ساداقىتىگە ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى دېگەن خاتىرىسىگە ئۇيغۇن. يېقىندا ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس مىكال. خ. خارت «تارىختا ھەممىدىن كۆپ تەسىرگە ئىگە بولغان 100 ئەرباپنىڭ ئورنىنىڭ تەرتىۋى» دېگەن كىتاپتا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىي تەسىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ نۆۋەتتە تارىخىي ئەرباپلارغا باھا بېرىشتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى پىكىر بولۇپ، بەزى ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى؛ بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئىزدىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

[قوشۇمچە]

## پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى ئىش ـ پائالىيەتلىرىنىڭ يىلنامىسى

مىلادىنىڭ 570 ـ (571 ـ ؟) يىلى، ئەرەپ كالىندارى بويىچە "پىل يىلى" 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دېگەن گەپمۇ بار) مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئابدۇللا بولسا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كېلىشتىن ئاۋۋال ۋاپات بولدى.

570 ــ 576 ـ يىللار:

ئۇ بەنى قەبىلىسىدىن، ئۇنى سەئىد جەمەتىدىن بولغان ھەلىمە چۆل رايونىدا 6 ياشقىچە باققان (2 ياشقىچە باققان دېگەن گەپمۇ بار).

576 ـ يىلى:

ئانىسى ئامىنە ۋاپات بولدى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتتەلىب باقتى.

578 ـ يىلى:

چوڭ دادىسى ۋاپات بولدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئەبۇتالىبنىڭ يېنىدا قالدى. ئۇ باللىق چېغىدا ئوقۇشسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، خەت يازالمايتتى ۋە كىتاپ ئوقۇيالمايتتى، كىشىلەرنىڭ پادىسىنى باقتى.

تەخمىنەن 582 ـ يىلى:

تاغىسى ئەبۇتالىب بىلەن بىرگە سۈرىيىگە تىجارەتكە باردى.

---

① قۇرئان كېرىمنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنى ئاللا دۇنيادىكى كىشىلەرگە تاللاپ بەرگەن دىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بولسا دىنىنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى بولماستىن، ئاللانىڭ ئەلچىسى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر.

تەخمىنەن 585 ـــ ؟:

فۇججار ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ھەربى ئىشلار جەھەتتە مەلۇم تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، "ئاجىز ـ بىچارىلەرگە ياردەم بېرىش، ھەققانىيەتنى قوللاش" نى مەقسەت قىلغان "خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى"گە قاتناشتى.

595 ـ يىلى:

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 25 ياشقا كىرگەن چېغىدا، باي سودىگەر ئايال خەدىچە (40 ياشتا) گە ئۆيلەندى. ئۇنىڭ بىلەن 25 يىل بىللە تۇرمۇش كەچۈردى.

595 ـــ 610 ـ يىللار:

ئايالىغا ياردەملىشىپ سودىگەرچىلىك قىلدى.

609 ـــ 610 يىللار:

ھەنىق ھەركىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھەمىشە مەككە ئەتراپىدىكى ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلدى.

610 ـ يىلى:

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام 40 ياشقا كىرگەن چېغىدا، تۇنجى ۋەھيى نازىل بولدى (96 ـ سۈرە، 1 ـــ 5 ـ ئايەتلەر). ئاندىن "ئاللانىڭ ئەلچىسى" (پەيغەمبەر) سۈپىتىدە يوشۇرۇن ھالدا دىنغا دەۋەت قىلدى. ئاللاتائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلدى، مەبۇتقا چوقۇنۇشقا قارشى تۇردى. تۇنجى ۋەھيى نازىل بولغان كېچە قىممەتلىك كېچە (قەدىر كېچىسى) كېچە دەپ ئاتالدى.

612 ـ يىلى:

مەككىدە دىنغا ئوچۇق ـ ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلىمىدىكىلەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى.

614 ـــ 615 ـ يىللار:

ئۇ ساھابىلىرىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى.

616 ـــ 619 ـ يىللار:

قۇرەيشلەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە پۈتكۈل ھاشىم جەمەتىنى 3 يىلغىچە قامال قىلدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتتى. 619 ـ يىلى، قامال ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

619 ـــ 620 ـ يىللار:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھامىسى بولغان تاغىسى ئەبۇتالىب ۋە رەپىقىسى خەدىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋاپات بولدى. مۇسۇلمانلار بۇ يىلنى "قايغۇلۇق يىل" دەپ ئاتىدى.

620 ـ يىلى:

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفقا كېتىشكە مەجبۇر بولدى، كېيىن يەنە مەككىگە قايتىشقا

مەجبۇر بولدى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىۋايەتتىكى كېچىلىك سەپىرى — "مىراج" ئۇشقا ئېشىپ (17 ــ سۈرە، 1 ــ ئايەت)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن دۇلدۇلغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە باردى ھەمدە ئۇ يەردىن يەتتىنچى ئاسمانغا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن بەيتۇلمۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار ھەر يىلى ھىجرىيە رەجەپ ئېيىنىڭ 17 ــ كۈنىنى "مىراج بايرىمى" قىلىدۇ.

(3) بىرىنچى تۈركۈم مەدىنىلىك خەزرەجلەر مەككە مۇكەررەمەدە ھەج قىلىش مەزگىلىدە ئىسلام دىنىغا كىردى.

621 ــ يىلى:

بىرىنچى قېتىملىق "ئەقەبە بەيئىتى" تۈزۈلدى.

622 ــ يىلى:

(1) ئىككىنچى قېتىملىق "ئەقەبە بەيئىتى" تۈزۈلدى.

(2) "ھىجرەت" (كۆچۈش). مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى مەككىدىن مەدىنىگە كۆچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلادى 622 ــ يىل 9 ــ ئاينىڭ 24 ــ كۈنى مەدىنىگە يېتىپ باردى. كېيىن ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر مەزگىلىدە "ھىجرەت" بولغان يىلدىكى ئەرەپلەرنىڭ شەمسىيە كالىندارى 1 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى يەنى مىلادى 622 ــ يىل 7 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى ئىسلام كالىندارىنىڭ 1 ــ يىل 1 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى.

(3) مەسچىت سېلىشقا باشلاندى. جۈمە كۈنى جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈن قىلىپ بەلگىلەندى. كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش ۋە ئەزان ئېيتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بەيتۇلمۇقەددەس قىبلە (ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىدىغان نىشان) قىلىپ بەلگىلەندى.

(4) "مۇسۇلمانلار جامائەسى" (ئۈممە) قۇرۇلۇپ، ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقات قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى قىلىش ئورنىغا دەسسىتىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش دەپ جاكالاندى.

(5) ھەرقايسى قەبىلىلەر ئورتاق رىئايە قىلىدىغان نىزام ئېلان قىلىندى. يەھۇدىيلارغا قارىتا ئىتتىپاقلىشىش سىياسىتى قوللىنىلدى.

622 ــ 624 ــ يىللار:

(1) ئىسلام دىنىنىڭ "بەش پەرز" تۈزۈمى ئورنىتىلدى.

(2) قىبلە ئۆزگەرتىلدى — مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ 16 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار بىلەن بولغان ئالاقە ئۈزۈلدى.

624 ــ يىلى:

بەدرى ئۇرۇشى بولدى. مۇسۇلمانلار ئاز ئادەم بىلەن قۇرەيشلەر قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە

قىلدى. بۇ ئۇرۇش تارىختا بولغان ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشلارنىڭ بىرى ھېساپلاندى.

625 ـ يىلى:

(1) ئوھۇد ئۇرۇشى بولدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى دەسلەپكى جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى، بىراق ئەمىلىي زىيانغا ئۇچرىمىدى! قۇرەيشلەر قوشۇنى نەتىجىسىز چېكىندى.

(2) يەھۇدىيلار قوغلاپ چىقىرىلدى: قەينۇقا قەبىلىسى سۈرىيە چېگرىسىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى؛ نەزىر قەبىلىسى سۈرىيە ۋە خەيبەرگە كۆچتى.

627 ـ يىلى:

(1) ئىتتىپاقچىلار ئۇرۇشى (خەندەك ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بولدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى خەندەك كولاپ مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇرەيشلەر قوشۇنى ئۈستىدىن جەڭ قىلمايلا غەلىبە قىلدى.

(2) يەھۇدىيلارنىڭ قۇرەيزە قەبىلىسىگە جازا بېرىلدى.

628 ـ يىلى:

(1) ھۇدەيبىيە سۈلھى شەرتنامىسى ئىمزالاندى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش ئارىلىقىدىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەرەپ يېرىم ئارىلى سىرتىدىكى ئەللەرنىڭ پادىشالىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدى.

629 ـ يىلى:

(1) مۇسۇلمانلار قوشۇنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەرەپ زېمىنىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تايانچ نۇقتىسى بولغان خەيبەرنى ئىشغال قىلدى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 2 مىڭ مۇسۇلماننى باشلاپ، ھۇدەيبىيە سۈلھى شەرتنامىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە بىنائەن ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككىگە باردى، 3 كۈندىن كېيىن مەدىنىگە قايتتى.

(3) موئتە ئۇرۇشى بولدى. مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ 3 سەركەردىسى جەڭدە كەينى ـ كەينىدىن شەھىت بولدى، خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەسكەرلەرنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، مەدىنىگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنى "ئاللانىڭ شەمشىرى" دەپ ماختىدى.

630 ـ يىلى:

(1) مۇسۇلمانلار فەتھى قىلدى.

(2) ھۇنەيىن ئۇرۇشى بولدى. قەبىلىلەر تۇپىلىڭى تېچلاندۇرۇلدى. مۇسۇلمانلار تائىفنى ئالدى.

(3) تەبۇك ئۇرۇشى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈرىيە چېگرىسىغا رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ توپلانغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوشۇن باشلاپ شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلدى، تەبۇكقا بارغاندا، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولدى، شۇنىڭ بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىشنى توختاتتى. مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۆتكەن جايلاردىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا كىردى.

630 ــ 631 ـ يىللار:

ھەر قايسى قەبىلىلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمگىگى مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ھىجرىيىنىڭ 9 ـ يىلى "ۋەكىللەر ئۆمگىگى يىلى" دەپ ئاتالدى.

631 ـ يىلى:

مۇشرىكلار بىلەن "مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش توغرىسىدىكى خىتاپنامە" ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشى مەنئى قىلىندى.

632 ـ يىلى:

(1) ۋىدالىشىش ھەجى.

(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە (ھىجرىيىنىڭ 11 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، يەنى مىلادىنىڭ 632 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى) ۋاپات بولدى.

## پايدىلانغان كىتابلار

### 1. ئەرەبچە كىتابلار


(1) ئىبنى ھىسسام (مىلادىنىڭ 833 ـ يىلى ۋاپات بولغان): «رەسۇلۇللانىڭ تەرجىمىھالى»، 1936 ـ يىلى مىسىر نەشرى.

(2) ئىبنى سەئىد: («پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى»، (بۇنىڭ ئالدىنقى 2 كىتاۋىدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى يېزىلغان)، 1904 ــ 1918 ـ يىلى گوللاندىيە لەيتۇن نەشرى.

(3) مۇھەممەت ھەسەن خىكال: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى»، مىسىر نەشرى.

(4) ئىبنى ئەسىر (مىلادىنىڭ 1238 ـ يىلى ۋاپات بولغان): «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، مىسىر نەشرى.

(5) ھەسەن ئىبراھىم ھەسەن (مىلادىنىڭ 1935 ــ يىلى ۋاپات بولغان): «ئىسلام دىنى تارىخى»، مىسىر نەشرى.

(6) «سەھىلھۇلبۇخارى»


### 2. خەنزۇچە كىتابلار:


(1) خىت (ئامېرىكا) يازغان، ماجيەن تەرجىمە قىلغان «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى»، 1979 ـ يىل شاڭۋۇ نەشرىياتى نەشرى.

(2) بېرنارد. لېۋىس (ئەنگلىيە) يازغان، ماجاۋچۈن، ماشيەن تەرجىمە قىلغان «تارىختىكى

ئەرەپلەر»، 1979 ـ يىلى، جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر نەشرىياتى نەشرى.
(3) ش.ن. فىشىر (ئامېرىكا) يازغان، ياۋزىلياڭ تەرجىمە قىلغان «ئوتتۇرا شەرق تارىخى»، 1979 ـ يىلى شاڭۋۇ نەشرىياتى نەشرى.
(4) ليۇجى (جىبلىيەن): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى».

3 ئىنگلىزچە كىتابلار:

(1) Sir William Muir:
«The Life of Mohammad»
مۇئىر: «مۇھەممەتنىڭ تەرجىمىھالى»، 1923 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئېدىنبۇرگ نەشرى.
(2) Abdul Hameed Siddiqul:
«The Life of Mahammad»
ئابدولخامىت سىدىق: «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى»، 1975 ـ يىلى، پاكىستان لاھور نەشرى.
(3) W·Montgomery Watt
«Muhammad at Mecca»,
ۋات: «مۇھەممەت مەككىدە»، 1953 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئوكسفورد نەشرى.
(4) W·Montgomery Watt:
«Muhammad at Medina»,
ۋات: «مۇھەممەت مەدىنىدە»، 1956 ـ يىلى، ئەنگلىيە ئوكسفورد نەشرى.
(5) Ameer Ali:
«The Spirit of Islam»,
ئەمىر ئەلى: «ئىسلام روھى»، 1978 ـ يىلى، كاراچى نەشرى.
(6) M·Muhammad Ali:
«Muhammad The Prophet»,
مۇھەممەت ئەلى: «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام»، 1951 ـ يىلى، پاكىستان لاھور نەشرى.
(7) M·Mohammad ALi:
«The Living Thoughts of Prophet Mohammad»,
مۇھەممەت ئەلى: «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆچمەس ئىدىيىسى»، 1947 ـ يىلى، لوندون نەشرى.

Rom Landau: (8)

«Islam and Arabs»,

روم لاندۇ: «ئىسلام دىنى ۋە ئەرەپلەر»،

1958 ـ يىلى، لوندون نەشرى.

Ahmad A. Galwash: (9)

«The Religion of Islam»,

ئەھمەت گالۋش: «ئىسلام دىنى توغرىسىدا»، 1956 ـ يىلى، قاھىرە نەشرى.

Sayyid Fayaz Mahmud: (10)

«A Short History of Islam»,

سەئىد فاياز ماخمۇت: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1960 ـ يىلى، لوندون نەشرى. بۇ كىتاپنىڭ خەنزۇچىسى جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

Mohammed Marmaduke Pickthall: (11)

«The Meaning of the Glorious Koran»,

پىكسىل: «شەرەپلىك قۇرئاننىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى»نىڭ مۇقەددىمىسى، 1977 ـ يىلى، نيۇ ـ يورك نەشرى.

George Sale: «The Koran», (12)

سالى: «قۇرئان توغرىسىدا» نىڭ مۇقەددىمىسى، لوندون نەشرى.

Yusuf Ali: (13)

«The Holy koran»,

يۈسۈپ ئەلى تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە «قۇرئان»، لاھور نەشرى.

«Encyclopedia of Islam» ،(14)

«ئىسلام دىنى قامۇسى»نىڭ «مۇھەممەت» دىگەن ماددىسى، لوندون نەشرى.

«Encyclopedia Britannica» ،(15)

«ئۇلۇغ بىرىتانىيە قامۇسى»نىڭ «مۇھەممەت» دىگەن ماددىسى، لوندون نەشرى.

Michae H. Hart: (16)

«The 100: A Ranking of the Most Influential Persons in History»

مىكال. خ. خارت: «تارىختا ھەممىدىن كۆپ تەسىرگە ئىگە بولغان 100 ئەرباپنىڭ ئورنىنىڭ تەرتىۋى»، 1978 ـ يىلى نيۇ ـ يورك نەشرى.

# قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىشنىڭ شەرتى ۋە قائىدىسى

ۋېن شىڭسەن

قۇرئان كەرىم 30 پارە بولۇپ، جەمئىي 114 سۈرە، 6236 ئايەت (6211 ئايەت دەيدىغانلارمۇ، 6666 ئايەت دەيدىغانلارمۇ بار). تولۇقسىز سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قۇرئان كەرىم 77409 سۆز (77934 سۆز دەيدىغانلارمۇ بار)، 308123 ھەرپ (322621 ھەرپ دەيدىغانلارمۇ بار). قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىنىڭ 29 سۈرىسى تاق ھەرپ بىلەن باشلىنىدۇ، مەسىلەن، "ساد" (ص)، "گاف" (ق)، "نۇن" (ن)، "ئەلىف" (ا)، "لام" (ل)، "مىم" (م) دېگەنگە ئوخشاشلار. بۇ 29 سۈرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تاق ھەرپ بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنىڭ سىرى توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بولمىغانلىقى، چۈشەنچە بولسىمۇ ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە توختالمايمىز.

قۇرئان كەرىم "كالامۇللا" دۇنيانى ياراتقۇچى ئاللاتائالانىڭ سۆزىدىن ئىبارەت. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمگە تەقۋادارلىق بىلەن ئېتىقاد قىلىشى، ئۇنى ئىززەت-ھۆرمەتلىشى، ئۇنىڭدىكى پەرمان، تەقىپ، ۋەدە، ئاگاھلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك بارلىق كۆرسەتمىلەرگە شەك كەلتۈرمەسلىكى، ئەستايىدىل ئەمەل قىلىپ ئىجرا قىلىشى كېرەك.

قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغان چاغدا، ئۇنى ئوقۇشنىڭ شەرتى ۋە قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش كېرەك. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ: "سىلەر قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغاندا، ئۇنى ئوقۇشنىڭ شەرتى ۋە قائىدىسىگە چوقۇم ئەمەل قىلىڭلار، چۈنكى قۇرئان كەرىم ھەممە كائىناتنى ياراتقۇچى ئاللاتائالانىڭ سۆزى، ئۇنى قىرائەت قىلساڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساڭلار ئىنتايىن زور بەخت-سائادەت تاپىسىلەر."

قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىشنىڭ شەرتى ۋە قائىدىسى:

1. پاكىز بولۇش. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئۈچ جەھەتتىكى پاكىزلىققا دىققەت قىلىشى كېرەك: بەدەن پاكىز بولۇشى كېرەك، تاھارەت ئېلىپ، غۇسلى قىلىپ بولغاندىلا قۇرئان كەرىمنى قولغا ئېلىشقا بولىدۇ. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "پاكىز ئادەملا قۇرئان كەرىمنى قولغا ئېلىشقا بولىدۇ" (56 - سۈرە، 79 - ئايەت)؛ ئېغىز پاكىز بولۇشى كېرەك، ئاغزى پاكىز بولمىغان ئادەم قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىشقا بولمايدۇ، قىرائەت قىلىشتىن ئاۋۋال ئېغىز ۋە چىشنى يۇيۇش كېرەك؛ قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىدىغان ئورۇن پاك بولۇشى كېرەك، پاك ئورۇندا قۇرئان كەرىمنى قىرائەت قىلىش لازىم. مۇشۇ ئۈچ جەھەتتە پاك بولغاندىن سىرت،

كۆپلىگەن ساھابىلەر دىل رىياللىغىنى ئۇتتۇرىغا قويغان، مەسىلەن، ئەبىن ھەسەن ساھەب مۇنداق دېگەن: "ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئۈچ ۋاقىتتا دىلىنى ئىزلەپ، دىلىڭلارنى تەق قىلىشىڭلار كېرەك."①

2. قۇرئان كېرىمنى ئوتتۇرا ھال تەلەپپۇزدا قىرائەت قىلىش. ئاللاتائالا مۇنداق دېگەن: "سىلەر قۇرئان كېرىمنى دىكلاماتسىيە (قىرائەت) قىلىپ ئوقۇڭلار" (73 - سۈرە، 4 - ئايەت). بۇ، ئوتتۇراھال تەلەپپۇزدا قىرائەت قىلىڭلار دېگەنلىكتۇر. ئوتتۇرا ھال تەلەپپۇزدا قىرائەت قىلغاندىمۇ ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن، سىپايىلىق بىلەن قىرائەت قىلىش كېرەك.

3. قۇرئان كېرىمنى جاراڭلىق قىرائەت قىلىش. بۇ، قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغۇچى ئۇنىڭ بوغۇم، جۈملىلىرىنى دانىمۇ-دانە قىلىپ ئېنىق ئوقۇشى، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇشى، ئاڭلىغۇچىلارنى قىرائەت قىلىنىۋاتقۇچىنىڭ قايسى سۈرە، قايسى ئايەتنى قىرائەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى، قىرائەت قىلىنىۋاتقان مەزمۇننىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى يەنى پەرمان، تەقىپ ئىكەنلىكىنى ياكى ۋەدە، ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك دېگەنلىكتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەر قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغاندا، ئەرەبلەرنىڭ قاپىيىلىك تەلەپپۇزى بىلەن قىرائەت قىلغىنىڭلار تۈزۈك." يەنە مۇنداق دېگەن: "ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك شىۋىسى بولىدۇ". بۇ، قۇرئان كېرىمنى ئۆز جايىدىكى ئەرەپ شىۋىسى بىلەن قىرائەت قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. بۇنداق بولغاندا زورمۇ-زور ئاھاڭغا سېلىپ، دورىمچىلىق قىلىدىغان كۈلكىلىك ئىشلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلىرى، شەھەرلىرى، ۋىلايەتلىرىدە نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئۇمۇمەن قۇرئان كېرىمنى جاراڭلىق، ئەرەپ شىۋىسى بىلەن قىرائەت قىلىشقا ماھىر بولماي كەلدى. شۇنداقتىمۇ بەزى ئىرادىلىك كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار قۇرئان كېرىمنى ئەرەبلەرنىڭ قاپىيىلىك تەلەپپۇزىدا قىرائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا جاسارەت بىلەن تىرىشىپ كەلدى.

4. قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغاندا، قۇرئان كېرىمگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن مىسكىن قىياپەتتە قىرائەت قىلىش. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "دەرۋەقە، قۇرئان كېرىم مىسكىن ھېسسىيات ئىچىدە نازىل بولغان، سىلەر ئۇنى ئوقۇغاندا مىسكىن قىياپەتتە ئوقۇڭلار." ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: "سىلەر قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغاندا يىغلاڭلار، ياش چىقمىسىمۇ يىغلىغان قىياپەتكە كىرىڭلار." شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغاندا، يىغلاش خۇشاللىنارلىق ئىش ھېساپلىنىدۇ.

5. قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغان چاغدا، ئاللاھنىڭ ئىبادەت قىلغان ۋاقتىنى، دىنىي ئەقىدە-ئەھكاملارنى شەرھىلىگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① ئۈچ ۋاقىت قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلغان ۋاقتىنى، ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلغان ۋاقتىنى، دىنىي ئەقىدە-ئەھكاملارنى شەرھىلىگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ.

كېرەك. نامازدىن سىرتقى چاغلاردا ئاللاتائالانىڭ نام-شەرىپى ئوقۇلغاندا ياكى ئاڭلانغاندا، ئوقۇغۇچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئوقۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشى، ئاڭلىغۇچى ئىززەت-ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغىشى ھەمدە جەللە جەللاھ دېيىشى كېرەك؛ بۇيرۇق ياكى تەقىپ سۆزلەنگەن جايلارنى ئوقۇغاندا، ئوقۇغۇچى ئاستا، قاتتىق، سوزۇپ ئوقۇپ، تەرغىپ قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىشى لازىم، ئوقۇغۇچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بۇيرۇق بولسا قەتئىي بوي سۇنۇشى، تەقىپ بولسا ئۆزىنى ساقىت قىلىشى كېرەك؛ ۋەدە قىلىنغان جايلارنى ئوقۇغاندا، ئوقۇغۇچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ روھلىنىشى، خوشاللىنىشى، دۇئا-تەلەپ قىلىپ ئۈنىگە ئېرىشىشى كېرەك؛ ئاگاھلاندۇرۇلغان جايلارنى ئوقۇغاندا، ئوقۇغۇچىمۇ، ئاڭلىغۇچىمۇ قورقۇشى، ئۆزىگە سىگنال بېرىشى كېرەك؛ دۇئا-تالاۋەت، تەلەپ، ئىلتىجا قىلىنغان جايلارنى ئوقۇغاندا، ئوقۇغۇچى ھۆرمەت-ئېھتىرام بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇشى، ئاڭلىغۇچى "ئامىن" (رۇخسەت قىلغايسىز) دېيىشى كېرەك؛ ئاخىرەت، تىرىلىش جەريانلىرىغا دائىر مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندا، ئوقۇغۇچى قەتئىيلىك بىلەن ئوقۇشى، ئاڭلىغۇچى ئامەننا ۋەسەددەقنا (ئىمانىمىز بەرھەق) دېيىشى كېرەك. ناماز ۋاقتىدا ئاللاتائالانىڭ نام-شەرىپى ئوقۇلغاندا ياكى ئاڭلانغاندا، كۆڭلىدىلا ئىپادە بىلدۈرۈشكە بولىدۇ، سۆزدە، ئىپادىدە ۋە ھەركەتتە ئەكس ئەتتۈرۈشكە بولمايدۇ. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۇلار ئاللاتائالانىڭ نام-شەرىپىنى ئاڭلىغاندا، ئۇلارنىڭ قەلبىدە قورقۇش پەيدا بولىدۇ." (8-سۈرە، 2-ئايەت)

يۇقۇرقىلار قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلىش، ئاڭلاشقا دائىر قىسقىچە ساۋات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# سالاملىشىشنىڭ تارىخى ۋە ئۇسۇلى

## مۇبەي

مۇسۇلمانلار يۈز كۆرۈشكەندە سالاملىشىشتا ئورتاق قوللىنىدىغان ئىككى جۈملە ئەرەبچە سۆز بار. سالام بەرگۈچى "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" ("ئاللا سىلەرگە ئامانلىق ئاتا قىلسۇن") دەيدۇ، سالام قايتۇرغۇچى "ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام" ("ئاللا سىلەرگىمۇ ئامانلىق ئاتا قىلسۇن") دەيدۇ.

مۇسۇلمانلار يۈز كۆرۈشكەندە ئۆزئارا ئامان-ئېسەنلىك تىلىشىدۇ، بىر شەخسى ئۈچۈنمۇ "سىلەر" سۆزى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭدا قارشى تەرەپ "كۆپچىلىك"، "كۆپچىلىك"نىڭ ۋەكىلى دەپ قارالغاچقا، ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. سالام بەرگۈچى، سالام قايتۇرغۇچى ئوخشاش بىر سۆزنى ئىشلىتىش ئىسلام دىنى ئالدىدا ھەممەيلەننىڭ تەڭ-باراۋەر، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يۈز كۆرۈشكەندە سالاملىشىپ ئامان-ئېسەنلىك تىلەش ئادىتى 1 مىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلدى، ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئادەت ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولسا كېرەك، ئىسلام دىنى بولسا ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە تارقىتىپ، ئىسلام دىنىغا خاس بولغان ،مۇسۇلمانلار ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىدىغان بىر خىل قائىدە-يوسۇنغا ئايلاندۇرغان. "ئىسلام" بىلەن "سالام"نىڭ ئەرەبچە تۈپ سۆزى بىر ھەم مەزمۇنى ئوخشاپ كېتىدۇ.

قۇرئان كېرىمنىڭ ئالاقىدار سۈرە، ئايەتلىرىدە بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن، مەسىلەن، "ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇبدان كۈتۈۋېلىنغان مېھمىنى توغرىسىدىكى ھىكايە سىزگە ئايان بولدىمۇ. شۇ چاغدا، ئۇلار كىرىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ، 'سىزگە

ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن‘ ’سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن‘ دېگەن، ئۇ بۇلار تونۇش بولمىغان مېھمانلار بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان“ (50 ـ سۈرە، 24 ـ 25 ـ ئايەتلەر)، يەنە مەسلەن، ”ئۇلار جەننەتتە يامان گەپ ۋە يالغان گەپ ئاڭلىمايدۇ، لېكىن، سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن، سىلەرگە ئامانلىق ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن دېگەن گەپنى ئاڭلايدۇ“ (56 ـ سۈرە، 26 ـ ئايەت)، دېمەك كۆرۈشكەندە سالاملىشىپ ئامانلىق تىلەشمۇ قۇرئان كېرىمنىڭ تەلىمىدۇر.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”دىنداشلار كىشىلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىنى قوبۇل قىلىدۇ“. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: ”ئىككى دىنداش ئۆزئارا كۆرۈشكەندە، خۇددى ئىككى قول بىر بىرىنى يۇغاندەك، مەنپەئەت جەھەتتە باغلىنىدۇ“. سالاملىشىش بولسا بىرىنچى ۋە ئەقەللى ئىش ھېساپلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا، بىر كۈنى يەھۇدىلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان، يەھۇدىلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئىبىراي تىلىدا ”سام“ (تېزرەك ئۆل) دېگەن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ خوتۇنى ئايشە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ”سىلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم، ئاللاتائالا سىلەردىن غەزەپلىنىدۇ، سىلەرگە ئۆچ“ دەپ جاۋاپ قايتۇرغان. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دەرھال: ”ئۇنداق دېمە، ئاللاتائالا كىشىلەرنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىق بولمىغان گەپنى قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ“ دېگەن، بۇ ئەقلىغە مۇۋاپىق بولمىغان گەپكە ئەقلىغە مۇۋاپىق بولمىغان گەپ قايتۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر. قۇرئان كېرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ھەممىدىن بەك مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىلىرى قورۇقلۇقتا كەمتەر ـ ئېھتىياتچان يۈرىدۇ؛ ھاماقەتلەر يامان گەپلەر بىلەن ئۇلارغا ئازار بەرگەندە، ئۇلار ’سىلەرگە ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەيمەن‘ دەيدۇ“. (25 ـ سۈرە، 63 ـ ئايەت)

سالاملىشىش، بەزىدە قول ئېلىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش يولى بىلەن بولىدۇ، دائىم كۆرۈشۈپ تۇرغانلار ئارىسىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش قىسقارتىلىدۇ، قۇچاقلىشىش تېخىمۇ قىسقارتىلىدۇ. بەزىلەر بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ، بىر تەرەپتىن ئوڭ قولنى كۆكرەككە قويىدۇ، بۇ سالامنىڭ چىن يۈرەكتىن چىققانلىقى، چىن يۈرەكتىن ئامانلىق تىلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر بولسا بىر تەرەپتىن سالاملىشىپ ئوڭ قولنى بېرىپ كۆرۈشىدۇ، بىر تەرەپتىن سول قولنى قارشى تەرەپنىڭ ئوڭ بىلىكىگە قويىدۇ، بۇ بەدەننىڭ بىر پۈتۈنلىكى، سالاملاشقۇچىلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

سالاملىشىش ئۇسۇلى جەھەتتە، شەخسلەرئارا كىم ئاۋال سالام بەرسە، كىم كېيىن سالام قايتۇرسا بولۇۋەرگەندىن تاشقىرى، ئومۇمەن ئاۋال سىرتتىن كەلگەنلەر شۇ يەردىكىلەرگە، ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلارغا، كىچىكلەر چوڭلارغا، ئەرلەر ئاياللارغا، ئېرى خوتۇنىغا، مېھمان ساھىپخانىغا سالام بېرىدۇ، ۋاھاكازالار. پەقەت ئەرلەر ئاياللارغا سالام بەرگەندىلا قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ، بولۇپمۇ تۇققان بولمىغان ئاياللارغا سالام بەرگەندە تەنتەنىلىك بولسۇن ئۈچۈن مەلۇم ئارىلىق ساقلىنىدۇ.

# قۇربان ھېيت

چېن جىنخۇي

قۇربان ھېيت ھىجرىيە 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بولۇپ، ئىسلام دىنىدىكى 3 چوڭ ھېيتنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي پائالىيەت ھەج ـ تاۋاپ قىلىش پەرزىنى ئادا قىلىشقا دائىر مۇراسىم جۇملىسىگە كىرىدۇ.

قۇربان دېگەن سۆز قۇربان بېرىش، پىداكارلىق قىلىش، سەدىقە بېرىش، نەزىر ـ چىراق قىلىش دېگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزمۇن تەرجىمىسى چارۋا سويۇش بايرىمى دېگەن بولىدۇ.

چارۋا سويۇپ نەزىر ـ چىراق قىلىش ئەسلىدە، قەدىمقى زاماندا شەرقتىكى بىر خىل دىنىي

---

تۆۋەندىكى ئەھۋالدا سالاملىشىش بولمايدۇ: يالىڭاچ تۇرغاندا، تاھارەتخانىغا كىرگەندە، ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئەزەن ئېيتىۋاتقاندا، قۇرئان كېرىمنى قىرائەت قىلىۋاتقاندا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللاردا.

ئومۇمەن سالام بەرگەننى ئاڭلىغانلار سالام قايتۇرۇشى كېرەك، سالامغا سالام قايتۇرماسلىق ئەدەپسىزلىك بولۇپلا قالماستىن، گۇناھ ھېساپلىنىدۇ؛ سالامغا لايىغىدا سالام قايتۇرماسلىق سالام قايتۇرمىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

يەنە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، كۆپچىلىككە سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئايرىم كىشىلەرگە ئايرىم ھالدا قايتا سالام بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ ئىككى تەرەپ سالام بەرگەن، سالام قايتۇرغاندىن كېيىن سالاملىشىش ئورۇنلىنىپ بولغان بولىدۇ، شۇڭا تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق؛ مۇسۇلمان بولمىغانلار مۇسۇلمانلارغا سالام بەرسە، ئاڭلىغاندىن كېيىن ئوخشاش سۆز بىلەن سالام قايتۇرۇش كېرەك. كىشىلەر ئارىسىدا مۇسۇلمانلار بولسا ئوخشاشلا سالام بېرىش كېرەك.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆزئارا خوشلاشقاندا "ئاق يول بولسۇن" دېيىلىدۇ، بىر تەرەپ خوشلاشقاندا، قالغۇچى تەرەپ "ئاق يول بولسۇن" ياكى "خۇدا ساقلىسۇن" دەيدۇ.

مۇراسىم ئىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەڭ قەدىمقى زاماندا، قۇربانلىق قىلىشتا چارۋا سويۇلمايتى، پەقەت ئاغامچا بىلەن باغلاپ يارغا ئېسىپ قويۇلاتتى ياكى چۆل ـ دالاغا تاشلىناتتى؛ ئوتتۇرا قەدىمقى زامانغا كەلگەندە، چارۋا سويۇپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشى كۆرىدىغان چارۋىسى سويۇلۇپ نەزىر ـ چىراق قىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ كۆيۈمچان ئوغلى ئىسمايىلنى قۇربانلىق قىلغان دېگەن رىۋايەت كېلىپ چىققان.

ئىسلام دىنىغا دائىر يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بابىلونىيە (ھازىرقى ئەرەبىستاننىڭ شىمالى قىسمى)لىك بولۇپ، پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرى، ئۇ ساپ دىننى تەرغىپ قىلىش يولىدا مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتقان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇنىڭ كۆيۈمچان ئوغلى ئىسمايىل 13 ياشقا كىرگەن چاغدا، ئاللاتائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا (چۈشىدە) ئوغلۇڭنى قۇربانلىق قىل دەپ بۇيرىغان. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالاغا تەقۋادار بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىغا ئىتائەت قىلاتتى. ئۇ ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىنى ئوغلى ئىسمايىلغا ئېيتقاندا، ئوغلىنىڭ رەڭگى ئۆڭمەي، قەتئىي تۇردە بوي سۇنغان. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مىنا تېغىغا كەلگەن. بۇ ۋەقە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ''ئۇ، ئوغلۇم! مەن چۈشۈمدە راستلا سېنى قۇربانلىق قىلدىم، سەن ئويلىنىپ باق، سېنىڭ پىكرىڭ زادى نېمە؟' دېدى. ئوغلى: 'دادا، سىزگە كەلگەن بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈرۈڭ! خۇدايىم بۇيرىسا، مېنىڭ قەتئىي ئىتائەتلىكىمنى كۆرىسىز'، دېدى. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىغا بوي سۇنۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى يانچە ياتتى.“ (37 ـ سۈرە، 102 ـ 103 ـ ئايەتلەر) ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىغا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن بوي سۇنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. سۇ ئەسنادا ئاللاتائالا ئىسمايىلنىڭ ئورنىدا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن پەرىشتە جىبرىلدىن بىر سېمىز قوي ئەۋەتتى. ئاللاتائالا مۇنداق دېدى: ”ئىخ! ئىبراھىم! سەن ھەقىقەتەن چۈشۈڭنى ئىسپاتلىدىڭ. مەن ياخشىلىق قىلغانلارغا مۇشۇنداق جاۋاپ قايتۇرىمەن، دەرۋەقە، بۇ روشەن سىناق. مەن ئۇنى ئۇلۇغ قۇربانلىققا سېتىۋالدىم. مەن ئۇنىڭ نامىنى كېيىنكى ئەۋلاتلار ئارىسىدا مەڭگۈ ساقلىنىدىغان قىلىمەن.“ (37 ـ سۈرە، 104 ـ، 108 ـ ئايەتلەر) ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇغىغا بوي سۇنغانلىقىنى، ئىسمايىلنىڭ دادىسىغا ئىتائەت قىلىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇش روھىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قۇربان ھېيتنى ”ۋاپادارلىق ھېيتى“ دەپمۇ ئاتايدۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىسمايىل قۇتقۇزۇپ قېلىنغان كۈن ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ئەرەپلەر ھەر يىلى ئەشۇ كۈنى چارۋا سويۇپ نەزىر ـ چىراق قىلىدىغان بولغان. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇيرۇققا بىنائەن ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ ھىجرەت قىلغاننىڭ ئىككىنچى يىلى مۇشرىكلەرنىڭ بىدئەتلىرىنى كۆچىنىڭ بېرىچە تۈگىتىپ، كونا ئەنئەنىلەرگە يېڭى ئىسلام ئەقىدە ـ ئەھكاملىرىنى كىرگۈزۈپ، ھىجرىيىنىڭ ھەر يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىنى قۇربان ھېيتى قىلىپ بېكىتىپ، ھەج ـ تاۋاپ قىلىشقا قاتناشقانلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مىنا تېغىغا بېرىپ چارۋا سويۇپ نەزىر ـ چىراق قىلىشنى، ھەج ـ تاۋاپ قىلىشقا قاتناشمىغانلارنى ھېيت نامىزى ئوقۇشنى، قۇربانلىق قىلىپ تەبرىكلىشنى بەلگىلىگەن.

ھېيت نامىزى دىگەندە، كەبىگە ھەج ـ تاۋاپ قىلىشقا بارالمىغان كىشىلەرنىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەسچىتلەرگە بېرىپ ئاخۇنغا ئەگىشىپ سەپكە تىزىلىپ ئىككى رەكئەت ھېيت نامىزى ئوقۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ①. بۇ "ۋاپادارلىق نامىزى" دەپ ئاتىلىپ، "ۋاجىب" جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدا شۇ يىلدا سادىر بولغان خاتالىقلارنى، جىنايەتلەرنى كەچۈرۈشنى ئاللاتائالادىن ئىلتىجا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىككى رەكئەت نامازدا 7 قېتىم قولاق قېقىلىدۇ، ئەزان ئېيتىلمايدۇ ۋە ئىمامغا ئېغىشلاپ تۇرىدۇ، باشقا قائىدىلىرى باشقا نامازدىكىگە ئوخشاش بولىدۇ. نامازدىن كېيىن ئىمام خۇتبە ئوقۇيدۇ (دىنىي ئەقىدە ـ قائىدىلەر ئۈستىدە ئەمىر ـ مەرۇپ قىلىدۇ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى (12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى) بامدات نامىزىدىن ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنى (12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) خۇپتەن نامىزىغىچە ھەر قېتىم سەپكە تىزىلىپ ئىمام بىلەن بىللە پەرز ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، "ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ" دىگەن ئايەت ئوقۇلىدۇ، بۇ "ۋاجىب" جۈملىسىگە كىرىدۇ.

قۇربان ھېيتتا قوي، كالا، تۆگە قۇربانلىق قىلىنىدۇ، ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتى بار ھەر بىر ئادەم بىردىن قوي، 7 ئادەم بىر كالا ياكى بىر تۆگە قۇربانلىق قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. سويۇلىدىغان قوي 2 چىشلىق بولۇشى، كالا، تۆگە 3 چىشلىق بولۇشى لازىم. قۇربانلىق قىلىنىدىغان چارۋا ساق ـ تېمەن بولۇشى كېرەك، مۈڭگۈزى سۇنغان، قارغۇ، قۇلىقى كېسىلگەن، ئاقساق، چولاق، قۇيرىقى يوق چارۋا بولسا بولمايدۇ. ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ، 3 كۈنگىچە قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان چارۋىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگەندىن تاشقىرى، نامراتلارغا سەدىقە قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كېرىمدە ئېنىق بەلگىلىمە بار: "سىلەر ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېسەڭلار بولىدۇ، شۇنىڭدەك قانائەتمەن نامراتلار ۋە قەلەندەرچىلىك قىلغۇچى نامراتلارنى مېھمان قىلىشىڭلار كېرەك." (22 ـ سۈرە، 36 ـ ئايەت) "ئۇلارنىڭ گۆشى ۋە قېنى ئاللاتائالا ئالدىغا بارالمايدۇ، ئەمما سىلەرنىڭ ساداقىتىڭلار ئاللاتائالاغا يېتىدۇ." (22 ـ سۈرە، 37 ـ ئايەت)

بۇنىڭدىن باشقا، قۇربان ھېيت كۈنى تۆۋەندىكى 7 ئىشنى قىلىش مۇستەھەنبۇ ھېساپلىنىدۇ: تاڭ سەھەردىن ھېيت نامىزى ئوقۇغىچە بولغان يېرىم كۈن ئىچىدە تائام يېمەسلىك، چىش يۇيۇش، چوڭ تاھارەت ئېلىش، ئىسرىق كۆيدۈرۈش، ياسىنىش، ئۆزى چارۋا سويۇش، نامازدىن بۇرۇن ئۈنلۈك تەكبىر ئېيتىش.②

---

① ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن ۋاقتىدا ھېيت نامىزى ئۆتىيەلمىسە 11 ـ كۈنى، 12 ـ كۈنى ئۆتىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېچىكسە بولمايدۇ.

② رىۋايەت قىلىنىشىچە، تەكبىرنىڭ سۆزى 3 قىسمغا بۆلۈنىدۇ، بىرىنچى قىسمى "ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ" دىگەندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنى پەرىشتە جىبرىئىل ئوقۇغان؛ ئىككىنچى قىسمى "بىر ئاللادىن باشقا ھېچ خۇدا يوق، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ" دىگەندىن ئىبارەت بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان؛ ئۈچىنچى قىسمى "ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغ، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ" دىگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئوقۇغان.

ئىسلام دىنىدا قۇربان ھېيتنى خاتىرىلەش ئارقىلىق ئالـلاتائالاغا بولغان تەقۋادارلىق؛ ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىدىغان ئالىجاناپ گۈزەل ئەخلاق؛ قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان مۇستەھكەم جاسارەت؛ نامراتلارنى قۇتقۇزىدىغان خالىسانە روھ يېتىشتۈرۈلىدۇ.

ھازىر، دۇنيادا ھەرقايسى ئەللەردىكى مۇسۇلمانـلار ئەشۇ كـۈنى، ھەرقايـسى ئۆز ئادەتـلىرى بويىچە تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارىدۇ. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئەنئەنىلىرى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئادەت ۋە قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەش ئورتاق مىللىي بايرامغا ئايلانغان. تەبرىكلەش شەكىللىرى خىلمۇ-خىل بولۇپ، بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ: ئىچكى ئۆلكـىلەردىكى ۋە دېڭىز بويلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىگى مەسـچىتكە بېرىپ، ھېيت نامىزى ئۆتەپ، ۋەز (ۋەز-نەسىھەت) ئاڭلايدۇ؛ شەرت-شارائىتى بارلار قوي، كالا سويۇپ قۇربانلىق قىلىدۇ، نامراتلارغا سەدىقە-پىتىر بېرىدۇ، ئەل-ئاغىنىلىرىگە سوغا-سالام بېرىدۇ؛ ياكى ئاخۇن تەكلىپ قىلىپ قۇرئان ئوقۇتىدۇ، زاراتكارلىقنى يوقلاپ، ئەجداتلارنى ياد ئېتىدۇ؛ بەزى رايونلاردا، ھېيتتىن ئاۋال 10 كۈن روزا تۇتىدۇ، رامزان ئېيىدىكى 30 كۈنلۈك روزىـغا قارىغانـدا ئۈچـتىن ئىككى قىسىم روزا كەم تۇتۇلغاچقا، قۇربان ھېيت "كىچىك روزا ھېيت"① دەپمۇ ئاتـىلىدۇ. شىنجاڭدىـكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھېيت مەركـىسى بەك داغدۇغـىلىق بولىدۇ. كىشـىلەر چىرايـلىق ياسىنىپ ھېيت نامىزى قاتارلىق مۇراسىملارغا قاتناشقانـدىن تاشقـىرى، ئۇسۇل ئويـناپ، ناخـشا ئېيـتىپ، كۆڭۈل ئاچىدۇ، باشقا قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ ھېيتـىنى تەبرىكلەيـدۇ، مول، مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات-سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ بەزىلەر ئۇرۇق-تۇقـقان، ئەل-ئاغىنـىلىرىنى يوقلايدۇ، مېھمان كۈتىدۇ. بۇ ئارقىلىق مىلـلەتـلەر ئوتتۇرىسـىدىكى ئىناق ئىتتىپاقـلىق نامايەن قىلىنىدۇ. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىمۇ ھەر يىلى كۆتۈۋېلىش زىياپـىتى ئۆتكۈزۈپ، ئىسـلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار، ئاخۇنلار، مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى، شۇنىڭدەك چەتئەلـلەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇسۇلـمان ئەلچـىلىرى، مۇتەخەسـسىلـىرى قاتارلىقـلارنى تەكلىپ قىلىپ قۇربان ھېيتنى بىللە تەبرىكلەيدۇ. بەزى جايلاردىكى ئىـسلام جەمـئيەتلىرىمۇ شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ھەر خىل تىپتىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزىدۇ.

ھۆكۈمىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ۋە ئۆرپ-ئادىتىگە ھـۆرمەت قىلىش ئۈچۈن، قۇربان ھېيت كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر كۈن دەم ئېلىشىنى بەلگىلـىدى، شىنجاڭدىـكى مۇسۇلمانلار بولسا ئەنئەنە بويىچە 3 كۈن دەم ئالىدۇ.

---

① "كىچىك روزا ھېيت" دىگەن نام ئىچكى ئۆلكىلەردىكى خۇيزۇلارنىڭ ئومۇمى ئادىتى بويىچە ئىشلىتىلىدۇ، ئىسلام دىنىدىكى ھېيتلەرنىڭ تىزىمى ۋە ئەرەپلەرنىڭ ئادىتى بويىچە "ھېيت. قۇربان" چـوڭ ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈن بولۇپ، چوڭ روزا ھېيت ھىساپلىنىـشى كېرەك، "ھېـيت. فىتـىر" كىچىك ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كۈن بولۇپ، كىچىك روزا ھېيت ھىساپلىنىشى كېرەك.

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇدىرلار يىغىنىنى چاقىردى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 1984 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جايلاردىن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، دائىمىي ھەيئەتلىرى، ھەيئەتلىرى ۋە بېيجىڭدىكى مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ خىزمەت يىغىنىنى چاقىردى.

يىغىنغا مۇدىر جاڭ جيې، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن ئەن شۈېيى، ماتېڭئەي، ماسۇڭتىڭ، لىيۇپېنيى، ھامۇت داموللا، ھۇسېيىن ھاجى، ماجىڭچېڭ، جاڭ بىڭدو، ماشيەنلەر، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە ھەيئەتلەردىن جېڭ لۇڭخۇي، ناگوشياڭ، خەن شىڭگۇي، ناشىڭجەي، خەن مەنسۇرلەر قاتناشتى، يىغىنغا ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىمۇ قاتناشتى.

ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەھمەت ۋاجىدى ئالدى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىن ئاچقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاقىرىلغانلىقى، يىغىندا بۇلتۇر چاقىرىلغان 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ 3 - سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ جەمئىيەتنىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

مۇئاۋىن مۇدىر بەي شۈيى ئىشى بولغانلىقى، شېن شياشى كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى، جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، خەلقارا ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كۆڭ چىڭتاڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ۋە بۇ يىللىقى خىزمەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى قاتارلىقلار ئۈستىدە دوكلات بەردى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مۇئاۋىن مۇدىر ھامۇت داموللا، دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەتلەردىن جېڭ لۇڭخۇي، ناگوشياڭ، ناشىڭجەيلەر سۆز قىلىپ، تاشقى دوستانە بېرىش - كېلىش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىشنى ئۈمىت قىلدى.

كۆپچىلىك مۇنداق دەپ قارىدى: مەملىكەت ئىچىدىكى دىنىي ئىشلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك، جەمئىيەت پىلانلىق تۈردە جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، دىنىي ئىشلار خىزمىتىدىكى يېڭى

ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئۇقۇشۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا تېخىمۇ ۋاقتىدا ياردەم بېرىش كېرەك؛ شۇنىڭدەك كۆپچىلىك جايلاردىكى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىسلام جەمىيەتلىرى ۋە ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتلىرى بىلەن بولغان خىزمەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسلام جەمىيىتى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئۈمىت قىلىشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، كۆپچىلىك يەنە جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ئېچىشنىڭ ۋاقتى، ئۇنىڭ مەزمۇنى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

مۇدىر جاڭ جىيې ھەر قايسى مۇئاۋىن مۇدىرلار، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە ھەيئەتلەرنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىۋاتقان چاغدا ۋاقىت چىقىرىپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىپ، خىزمەت دوكلادى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە كۆپچىلىك كېلەر نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، بۇ جەمىيىتىمىزنىڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە كۆپ پايدىلىق دەپ قارىدى.

يىغىندىن كېيىن، مۇئاۋىن مۇدىرلار، دائىمىي ھەيئەتلەر ۋە ھەيئەتلەر ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتى ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن كۆرۈشتى؛ مۇئاۋىن مۇدىر قوشۇمچە ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھامۇت داموللا ساۋاقداشلارغا سۆز قىلدى.

(يى دىڭ)

# كاڭجۇاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىسى قۇرۇلدى

گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ شەھرىدىكى كاڭجۇاڭ يېزىسى خۇيزۇلار يېزىسى بولۇپ، جەمئىي 8800 دىن كۆپرەك مۇسۇلمان بار، بۇ يېزا 1984-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنى كاڭجۇاڭ خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىسى قىلىپ قۇرۇلدى. شۇ كۈنى، يېزىلىق ھۆكۈمەت 4 مىڭدىن ئارتۇق كىشىلىك ئاممىۋى يىغىن ئاچتى، يىغىندا يېزا باشلىقى دىڭ رېنشەن سۆز قىلدى. پىڭلياڭ ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمە، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە پىڭلياڭ شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى، شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاتارلىق 20 نەچچە ئورۇن لەۋھە ۋە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى. يىغىندا پىڭلياڭ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ۋە پىڭلياڭ شەھەرلىك چىنچۈي تىياتىرى ئۆمىكى مول مەزمۇنلۇق سەنئەت نومۇرلىرىنى قويۇپ بەردى.

بۇنىڭدىن باشقا، پىڭلياڭ شەھىرىنىڭ شيامېن، شاگياڭ، داجەي، ماچۇەن، شياڭ، داچېن، بەيمياۋ، زەيخې قاتارلىق يېزىلىرىدىمۇ ئارقا-ئارقىدىن خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىلىرى قۇرۇلدى.

(ما ۋەنفا)

# ئۈرۈمچى، شىنىڭ، جىڭيۈەن قاتارلىق شەھەر ۋە ناھىيىلەردە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

# خۇبېي، شىنياڭ، شىنجاڭ، جېڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزدى

يېقىندىن بۇيان، ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى جايلاردا ئىسلام دىنى يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا دائىر خەۋەرلەرنى كەينى-كەينىدىن تاپشۇرۇۋالدى، بۇلارنى رەتلەپ، تۆۋەندىكىچە خەۋەر قىلىمىز:

**جۇچىڭجاڭ مۇنداق دەپ خەۋەر قىلدى:** خۇبېي ئۆلكىلىك ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 5-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 6-كۈنىگىچە ۋۇچاڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر ۋە ئوبلاستلاردىن كەلگەن خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمان ۋەكىللەردىن 70 نەچچە كىشى قاتناشتى. ئۆلكىلىك مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يىغىننى تەبرىكلەپ تېلېگرامما ئەۋەتتى. يىغىندا ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت دوكلادى ماقۇللاندى؛ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ۋە ئۆلكىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى. يىغىندا دېموكراتىك ئاساستا كېڭىشىش ئارقىلىق ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ماگۇڭجىڭ جەمئىيەتنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

**ياڭ پېيخۇا مۇنداق دەپ خەۋەر قىلدى:** خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى چىچىخار شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە چىچىخار شەھىرى جيەنخۇا رايونىدىكى پۇكۇي مەسچىتىدە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا شەھەر بويىچە 7 رايوندىن كەلگەن دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىدىن 32 كىشى قاتناشتى، 30 كىشى سىرتتىن قاتناشتى، يىغىننىڭ ئالدىدا ۋەكىللەر تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلادىنى ئاڭلىدى ۋە شەھەر بويىچە 5 مەسچىتنىڭ خىزمىتىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە دوكلاتنى ماقۇللىدى. يىغىن داۋامىدا ۋەكىللەر

ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قىسقىچە نىزامنامىسى، شەھەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىنى ماقۇللىدى. كېڭىشىش ئارقىلىق بەي ۋېندا مۇدىرلىققا، ياڭ پېيخۇا، خۇي شيەنبىن ۋە ماچىلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، سەي ۋېنلۇڭ باش كاتىپلىققا سايلىنىپ، جەمئى 13 ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك كومىتېتى تەشكىل قىلىندى. شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆزگە چىقتى.

**يى يۈ مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىدۇ:** شىننىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 5-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى؛ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

**ماپېيخەن، ياڭ ۋېنگۇاڭ ۋە جېڭ دۇڭلىنلار مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىدۇ:** جېڭجۇ شەھىرى ئىسلام دىنىنىڭ 1-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 4-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا شەھەر بويىچە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىدىن 83 كىشى قاتنىشىپ، بىرلىكتە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلادىنى مۇھاكىمە قىلدى؛ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى ماقۇللىدى؛ كېڭىشىش ئارقىلىق ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى؛ 25 كىشى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، باش كاتىپى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ سايلاندى. يىغىن مەزگىلىدە شەھەرلىك ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋەكىللەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشتى.

**ماجېندۇڭ خەۋەر قىلىدۇ:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 4-ئاينىڭ 14-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 5 رايون، 1 ناھىيە ۋە دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، تاتار ۋە دۇڭشياڭ قاتارلىق 6 مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن 190 كىشى قاتناشتى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى مۇھاكىمە قىلىندى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى. يىغىندا 45 كىشى ھەيئەت ئەزاسى، ما كۈيىۋەن پەخرى مۇدىر، شىرىپجان داموللا مۇدىر، مامىڭجاڭ، داۋۇت پازىل، ما ئەنتەي، ماششيەن ۋە ئەخمەت قالى قاتارلىقلار مۇئاۋىن مۇدىر ۋە 13 كىشى دائىمى ھەيئەت ئەزاسى بولغان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى.

**جىن جەنشياڭ خەۋەر قىلىدۇ:** شىزۈيشەن شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 5-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە شىزۈيشەن شەھىرىدىكى داۋۇكۇ دېگەن جايدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا 2 ناھىيە

ۋە 4 رايوندىن كەلگەن خۇيزۇ ۋە دۇڭشياڭ مىللەتلىرى ۋەكىللىرىدىن 60 نەچچە كىشى قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەرقايسى ناھىيىلىك ھەم رايونلۇق مىللى-دىنىي خىزمەت تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن 20 نەچچە كىشى سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا دېموكراتىك ئاساستا كېڭەشش ئارقىلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىغا 28 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى ۋە 11 نەپەر دائىمى ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ھازىرقى شەھەرلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ بىڭچېڭ ئاخۇنۇم مۇدىرلىققا، شيې تيەنشى ۋە ۋاڭ فۇخەي ئاخۇنلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى تۈزۈلدى ۋە يىغىننىڭ قارارى ماقۇللاندى.


**يۈي خۇاشۇ مۇنداق دەپ خەۋەر قىلدۇ:** جىڭيۈەن ناھىيىلىك ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنى 5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ناھىيە بويىچە ئىسلام دىنى ۋەكىللىرى ۋە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەردىن 142 كىشى قاتناشتى. يىغىندا مۇھاكىمە ئارقىلىق "مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نىزامى" تۈزۈپ چىقىلدى ھەمدە يىغىن پۈتۈن ناھىيىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارغا "مىللى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاممىنىڭ دىنىي سېلىغىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدا تەكلىپنامە"نى چىقاردى. كېڭەشش ئارقىلىق 21 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئىسلام جەمئىيىتى سايلاندى، ماجىشيەن مۇدىر، جاڭ داۋيۈەن، ما خېڭ، خې دېخەي ۋە دىڭ ۋېنپۇلار مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ سايلاندى ھەمدە 4 دائىمى ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان دائىمى كومىتېت سايلاندى.

**تيې پېرۇ ۋە سەي جىڭچيۇلەر خەۋەر قىلدۇ:** شېنياڭ شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 3-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا شەھەر رايونى، شەھەر ئەتراپىدىكى 4 رايون ۋە 2 ناھىيىدىن كەلگەن 64 نەپەر مۇسۇلمان ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلدى ۋە يەكۈنلەندى؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى ۋە مەسئۇل يولداشلارنىڭ مۇھىم سۆزلىرى ئۆگىنىش قىلىندى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى؛ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى؛ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە دائىمى كومىتېتى يېڭىدىن سايلاندى. لى خۇڭبىن مۇدىر، ياڭ گوەنيىڭ، تيې زىجاڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋە تيې گۇاڭۋېن مۇئاۋىن باش كاتىپ بولغان، 21 ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى.

**سۇشېڭجى خەۋەر قىلدۇ:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنىنىڭ 3-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 5-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبەك، تاتار، دۇڭشياڭ، سالا قاتارلىق 9 مىللەتتىن بولغان ئىسلام دىنى ساھەسى-

دىكى مەشھۇر زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى بولۇپ 215 كىشى قاتناشتى. ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنىغا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى تۇنجى قېتىم قاتناشتى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن مەتمىن توختى ۋە مەتمىن كەنجى ئايرىم-ئايرىم ھالدا مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەت توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى چى گو ئاپتونوم رايونىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسى، بىرلىك سەپ سىياسىتى، مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەت توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىندا 4 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى مۇھاكىمە قىلىندى ۋە بەلگىلەندى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتىنىڭ قىسقىچە نىزامنامىسى»گە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. «مەسچىتلەرنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش قائىدىلىرى» ۋە «ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، سايلام ئارقىلىق ئابدۇللا داموللا ھاجى مۇدىر بولغان ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلدى، بۇ نۆۋەتلىك كومىتېت 125 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، 44 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 10 نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر، 1 نەپەر باش كاتىپتىن تەركىب تاپتى.

**ئەنشەن شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە،** لياۋنىڭ ئۆلكىسى ئەنشەن شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ يىغىنى 4-ئاينىڭ 2-كۈنى خەيچېڭ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىن داۋامىدا بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگەنگەن؛ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەجرىبىلەر ۋە ساقلانغان مەسىلىلەر ئالماشتۇرۇلغان ۋە يەكۈنلەنگەن؛ شۇنىڭدەك شەھەرلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ بۇنىڭدىن



ئۈرۈمچى شەھىرى ئوتتۇرا كۆۋرۈك يېنىدىكى ئۇيغۇر مەسچىتىدىن بىر كۆرۈنۈش

سۈرەتنى ياڭ جىجۇڭ تارتقان

كېيىن مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلەرنى قانداق
قىلىپ ئىزچىل ئىجرا قىلىش، دىنىي ئىشلارنى
ئوبدان يولغا قويۇش ۋە مەسچىت ئۆز كىرىمى
بىلەن ئۆزىنى قامداش قاتارلىق جەھەتتىكى
خىزمەتلەر تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان.
دىنىي ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە دىنغا
ئېتىقات قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ 4 نى زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش
ئاكتىپلىغىنى تېخمۇ ئوبدان قوزغاش مەقسىدىدە
يىغىن بۇ يىل 3-پەسلىدە شەھەرلىك ئىسلام
دىنى ساھەسىدىكى ئىلغارلارنىڭ سۆھبەت
يىغىنى ۋە ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى
چاقىرىشنى قارار قىلغان.

**ماخېتۇ خەۋەر قىلدۇ: گەنسۇ ئۆلكىسى**
جاڭجياچۇەن خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە
1984-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 27-
كۈنىگىچە ئىسلام دىنىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىل-
لەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا مەسچىتتە
ئىمام بولۇۋاتقان ئاخۇنلار، دىنىي ساھەدىكى
ۋەتەنپەرۋەر زاتلار ۋە مىللىي-دىنىي خىزمەت
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىرلار بولۇپ 205
كىشى قاتناشتى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش-
نىڭ مەسئۇللىرى، تيەنشۈي ۋىلايەتلىك ۋالىي
مەھكىمىسى مىللىي-دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ
مەسئۇلى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى
ھەم ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سۆزگە چىقتى.
يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پارتىيىنىڭ سوتسىيا-
لىزىم دەۋرىدە دىنىي مەسىلىگە قاراتقان توپ
نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى
شۇنىڭدەك مەركىزىي كومىتېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك
ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى؛ ئالدىنقى
نۆۋەتلىك ئىسلام جەمىيىتى دائىمىي كومىتې-
تىنىڭ خىزمەت دوكلادىنى ئاڭلىدى ۋە قاراپ
چىقتى؛ ناھىيىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ 2-
نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلىدى.

**خەندەن ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار كومى-**
**تېتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە،** خەندەن ۋىلايەتلىك
ئىسلام جەمىيىتى 1-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ
2-سانلىق ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى
4-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە خېبېي
ئۆلكىسى خەندەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن.
يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ ھەيئەت
ئەزالىرىدىن 21 كىشى، ئېچىلغان مەسچىتلەردە
ئىمام بولۇۋاتقان ئاخۇنلار ۋە مەسچىتنى دېمو-
كراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىرىدىن
17 كىشى قاتناشقان. يىغىن مەزگىلىدە ئۆلكىلىك
ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي
يۈيشېڭ، خەندەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكى-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىسى فېڭ شىڭ قاتارلىق
مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا
قاتناشقان ھەم يىغىندا سۆز قىلغان.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مەركىزىي كومى-
تېتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرى ۋە
گېزىت-ژورنالدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنى
ئەستايىدىل ئۆگەنگەن، خەندەن ۋىلايەتلىك
ئىسلام جەمىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەت
ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت
توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىغان.

(ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن
رەتلەندى)

# پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى روزا ھېيتنى شات-خوراملىق بىلەن ئۆتكۈزدى

«خەلق گېزىتى» 7-ئاينىڭ 2-ۋە 3-كۈنلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا، "3000 دىن ئارتۇق جۇڭگو ۋە چەتئەللىك مۇسۇلمانلار روزا ھېيتنى بېيجىڭدا بىرلىكتە تەبرىكلىدى" ۋە "تيەنجىن، شاڭخەي، چىڭخەي، گەنسۇ، نىڭشيا ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلار روزا ھېيتنى خوشال-خورام ئۆتكۈزدى" دېگەن تېمىدا، 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز جايلىرىدىكى مەسچىتلەردە جەم بولۇپ ھېيت نامىزى ئوقۇغانلىقى، ھەرقايسى جايلاردىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ چاي ئۆتكۈزۈپ، روزا ھېيتنى تەبرىكلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى.

(ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى)

ژۇرنىلىمىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمى ئىچكى موڭغۇل، شەنشى، نىڭشيا، چىڭخەي، لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ، شەندۇڭ، جياڭسۇ، خېنەن، خۇبېي، سىچۈەن، يۈننەن ۋە گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىكى بەزى شەھەر ۋە ناھىيىلەردىن ئەۋەتىلگەن ھېيت نامىزى ئوقۇلغانلىقى ۋە تۈرلۈك پائالىيەتلەر خەۋەر قىلىنغان ماقالىلارنى تاپشۇرۇپ ئالدى. ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكىچە خەۋەر قىلىمىز:

شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار خۇاجۆشياڭ جامەسىدە جەم بولۇپ ھېيت نامىزى ئوقۇغان، نامازدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىشتىن سىرتقى چامباشچىلىق ھەۋەسكارلىرى چامباشچىلىق، چېلىشىش، چىگوڭ قاتارلىقلار بويىچە ئىسىل ئويۇن كۆرسىتىپ بەرگەن، شەنشى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شىئەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق قىلىش گۇرۇپپىسى چاي بەرگەن ھەمدە پۈتۈن ئۆلكىگە تەبرىكنامە تارقىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتنى مۇبارەكلىگەن. ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مالياڭجى چاي ئولتۇرۇشىدا قىلغان سۆزىدە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى بايان قىلغان، شۇنداقلا خىزمەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ سەۋىيەسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈشى كېرەكلىكىنى، ھازىر بەزى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جەمئىيەت ياكى ئائىلىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇنداق ھالەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن.

ئەنكاڭ ناھىيىسى شەھەر ئىچىدىكى مەسچىت

هۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن رېمونت قىلىنىپ يېپ-يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلگەن؛ كەلكۈن ئاپىتى بىلەن ۋەيران بولۇپ كەتكەن بېيىسى مەسچىدى جىددى رېمونت قىلىش ئارقىلىق، پاك-پاكىز قىلىپ رەتلەنمەكتە ئىكەن. قەدرى كېچىسىدىن تارتىپ، بۇ ئىككى مەسچىتكە پانۇسلار ئېسىلىپ، ھېيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى كۈتۈۋېلىنغان.

چىڭخەي ئۆلكىسى شىنىڭ شەھىرىدە، خۇيزۇ، سالا ۋە دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتتىن 20 مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان دۇڭگۈەن مەسچىدىدە ھېيت نامىزى ئوقۇغان.

لياۋنىڭ ئۆلكىسى ئەنشەن شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار ھېيت كۈنى ئۆزلىرى ھەركەتكە كېلىپ، مەسچىتنىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرىنى سىرلىغان، قەدىمي ھەم كۆركەم خانىقانىڭ تۆت ئەتراپىدىكى كىچىك پەشتاقلارغا يېڭىدىن رەڭلىك لامپۇچكىلار ئورناتقان. ئايغا قاراش راۋىقى ئۈستىگە ھىلال ئايغا (يېڭى چىققان ئايغا) تەقلىت قىلىپ ئورگانىك ئەينەكتىن ياسالغان ئاي بېكىتىلگەن، دالىيەن شەھىرىدە، روزا ھېيتنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن، سەنئەت نومۇرلىرىنى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ئۆزلىرى تۈزۈپ، ئۆزلىرى تەييارلاپ، ئۆزلىرى ئورۇنلىغان.

ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىغا جايلاشقان خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى مۇدەنجياڭ شەھىرىدە، بېيشەن باغچىسىدا بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن، بۇ پائالىيەتلەرنى مۇسۇلمان ئىشچى-خىزمەتچىلىرى كۆپرەك بولغان زاۋۇت، كان رەھبەرلىرى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە تەشكىللەپ، ماشىنا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىگەن، شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى لوياۋشىڭ ئادەملەرنى ئۆزى باشلاپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ باغچىغا بارغان. مۇسۇلمانلار كۆپرەك بولغان شىمالىي جۇڭگو قورال-جابدۇق زاۋۇتى، ئورمانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، ياغاچچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، پاراۋۇز زاۋۇتى، ياڭمىڭ رايونى، 2-سودا ئىدارىسى، يېمەكلىكلەر شىركىتى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونى يەنجياڭ گۇڭشېسىنىڭ گۇڭمىن دادۈيى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ ئەستايىدىل تۈردە ھېيت پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان.

جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ جېنجياڭ شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار (400دىن كۆپرەك ئەر، 200 دىن كۆپرەك ئايال) 2 يىل رېمونت قىلىنىش ئارقىلىق يېپ-يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلگەن مەسچىتكە بېرىپ، ھېيت نامىزى ئوقۇغان. چاڭجۇ شەھىرىدىكى خۇيزۇ، ئۇيغۇر مۇسولمانلىرى باغچا كوچىسى مەسچىدىگە جەم بولۇپ ھېيت نامىزى ئوقۇغان.

خېنەن ئۆلكىسى چاڭگې ناھىيىسى بەيجەي كەنتىدە 2000 دىن كۆپرەك خۇيزۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ناھىيە بويىچە خۇيزۇلار ئەڭ كۆپ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنت ھېساپلىنىدۇ. ھېيت كۈنى 1000غا يېقىن كىشى مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئوقۇغان. ناھىيە رەھبەرلىرى مەسچىتكە كېلىپ، مۇسۇلمانلارنى تەبرىكلىگەن ھەمدە كەنتتىكى كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەرنى ۋە كەنت باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان. ناھىيە رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ مەسئۇللىرى قوي ئۈچيىنى

پىششقلاپ ئىشلىگۈچى كەسپىي ئائىلە سۈك شۈلياڭنىڭ ئائىلىسىدە مېھمان بولغان. ئۇ سۈك شۈلياڭنى دادىل ۋە يۈرەكلىك ئىشلەپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ قانچە تېز بېيىساڭ شۇنچە ياخشى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى قانچە زورايتساڭ شۇنچە ياخشى دەپ ئىلھاملاندۇرغان ھەمدە ئۇنىڭدىن قوي ئۈچەينى يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەشتىن تەييار مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەشكە قاراپ يۈزلىنىشنى، بۇ جەھەتتە تاشقى سودا تارماقلىرى بىلەن بىۋاستە توختام تۈزۈشنى، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، دۆلەتكە تېخىمۇ كۆپ تاشقى پېرېۋوت توپلاپ بېرىشنى ئۈمىت قىلغان.

خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلار جياڭخەن رايونى مىنچۇەن كوچىسى، جياڭئەن رايونى 7-فېۋرال كوچىسى ۋە ۋۇچاڭ رايونى جاۋيى كوچىسىدىكى مەسچىتلەرگە يىغىلىپ ھېيت نامىزى ئوقۇغان. شەھەرلىك مىللى ئىشلار كومىتېتى كىنو قويۇپ مۇسۇلمانلارنى كۈتۈۋالغان.

سىچۈەن ئۆلكىسى گۇاڭيۈەن ناھىيىسىدە، ھېيت كۈنى چۈشتىن كېيىن، روزا ھېيتنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ناھىيىلىك مىللى ۋە دىنىي ئىشلار بۆلۈمى، سىياسى كېڭەشنىڭ مىللى ۋە دىنىي ئىشلار گۇرۇپپىسى ناھىيىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ يىغىن زالىدا، روزا ھېيتنى تەبرىكلەپ چاي بەرگەن. بۇ ئازاتلىقتىن بۇيان بۇ ناھىيىدە ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار تارماقلار دىنىي ھېيت-ئايەملەرنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تۇنجى قېتىملىق چاي زىياپىتى بولغاچقا، مۇسۇلمانلار زور دەرىجىدە ئىلھاملانغان.

ئابا زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى سۇڭپەن ناھىيىسى بازىرىدا، مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان قەدىمىي شەھەرنىڭ شىمالىدىكى مەسچىتتە ھېيت نامىزى ئوقۇغان، بۇنىڭدىن باشقا، 2 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان شىلى، جاڭلا، جېنجياڭ قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەردە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھېيت نامىزى ئوقۇغان

يۈننەن ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسى داجۇاڭ مەسچىتىدە، بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە، 1984-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى جەمى 42 نەپەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ 25 نەپىرى ئوغۇل، 17 نەپەرى قىز ئىكەن. بۇ، يۈننەننىڭ مەدرىس مائارىپى تارىخىدا، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىم ھېساپلىنىدۇ. شۇ جايدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۇلارغا خاتىرە بۇيۇملىرى تەقدىم قىلغان.

گۇيجۇ ئۆلكىسى ۋېيىنىڭ يىزۇ، خۇيزۇ، مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ شياۋخەي رايونىغا قاراشلىق باۋجيا، گېڭجيا، لياڭشەن ۋە شۇاڭلۇڭ گوڭشېلىرىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار ياڭۋاڭچياۋ مەسچىتىدە جەم بولۇپ ھېيت نامىزى ئوقۇغان. روزا ھېيت كۈنلىرى ھەرقايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى مەسچىتلەرگە بېرىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتنى مۇبارەكلىگەن ھەمدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا چاي بەرگەن، باغ سەيلىسى ۋە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزگەن. بەزى مەسئۇل يولداشلار مۇسۇلمانلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ سۆز قىلغان.

# مۇسۇلمانلارنى ئىنتىپاقلاشتۇرۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

## لياۋنىڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ 2 - باشقارمىسى

لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 17 - كۈنىگىچە شېنياڭ شەھىرىدە "لياۋنىڭ ئۆلكىسى مۇسۇلمانلىرىنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى" چاقىردى. يىغىنغا سانائەت، يېزا ئىگىلىك، مەدىنىي - مائارىپ، سەھىيە، سودا، مۇلازىمىلىق كەسپى ۋە دىنىي ساھە قاتارلىق ھەر قايسى سەپلەردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشقان مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرىدىن 43 كىشى قاتناشتى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ دائىمى ھەيئەتلىرى، ھەر قايسى شەھەرلىك، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى ۋە ئۆلكىلىك ئىسلام جەمىيىتىنىڭ شېنياڭدىكى ھەيئەتلىرى بولۇپ 18كىشى يىغىنغا قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماشيەن ۋە ئىشخانا مۇدىرى لىن يۇسىنلار تەكلىپكە بىنائەن مەخسۇس بېيجىڭدىن شېنياڭغا كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى ھەم يىغىنغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۆلكىلىك كاتولىكلار ۋەتەن سۆيۈش جەمىيىتى، خىرىستىيان دىنى "3 ئۆز" ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى ھەيئىتى، بۇددا جەمىيىتى، داۋجاۋ دىنى جەمىيىتى ۋە شېنياڭ شەھەرلىك ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىننى تەبرىكلىدى. يىغىن مەزگىلىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتى ۋە ئۆلكىگە قاراشلىق بەزى شەھەر ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭ تەبرىك سوغىسى ۋە تەبرىك خېتى تاپشۇرۇۋېلىندى.

ئۆلكىلىك مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نا شىنمىن، ئۆلكىلىك مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گاۋسىن، گۇەن زەيخەن، ئۆلكىلىك مىللى ئىشلار كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بەي فېي ۋە شېنياڭ شەھەرلىك مىللى ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۇجىز يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى، ناشىنمىن، گاۋسىن ۋە تيې يۇجىز قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىندا پۈتۈن ئۆلكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا تۆھپە قوشقانلىقىغا دائىر يېڭى تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى،

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى دېڭ يىڭچاۋنىڭ سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ يىغىنىدا سۆزلىگەن ئېچىش نۇتقى ۋە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرگە دائىر ھۆججەتلىرى ئۈستىدە ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر شىنىياڭ شەھەرلىك ئىسلام دىنى ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىرلىكتە شىنىياڭ شەھىرىنىڭ نەنسى مەسچىدىدە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش ئولتۇرۇشى ئۆتكۈزدى.

يىغىندا 15 ۋەكىل تەجرىبە تونۇشتۇردى. جىنجۇ ۋىلايىتى يىشەن ناھىيىسىنىڭ قاپارتىما گۈل توقۇلما بۇيۇملىرى زاۋۇدىنىڭ تېخنىكى دەي شۇلەن تېنى ئاجىز، كېسەلچان بولۇپ، 2 يىللا مەكتەپتە ئوقۇغان، لېكىن ئۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان غەيرەت بىلەن، قاتمۇ ـ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قاپارتىما گۈل نۇسخىلىرىنى لاھىيىلەشنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىپ، ئانچە ئۇزاق بولمىغان ۋاقىتتىلا كەسپ ئەھلى بولماسلىقتىن ئۆزگىرىپ تېخنىك بولۇپ يېتىلدى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، يولداشلىرى بىلەن بىرگە 18 خىل مەھسۇلات تۈرىنى لاھىيىلەپ چىقتى. 82 خىل قاپارتىما گۈل نۇسخىسىنىڭ 6 سى 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆلكە، شەھەر بويىچە ئەلا نۇسخا دېگەن نامغا ئېرىشتى، بەزى مەھسۇلاتلار ھەتتا 6 ــ 7 مەملىكەتتە سېتىلىپ، تاشقى سودا تارماقلىرى ۋە چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. دەي شۇلەن ئۆلكە، شەھەر ۋە ناھىيە بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شەھەر ۋە ناھىيە بويىچە "8 ـ مارت قىزىل بايراقدارى" بولۇپ باھالاندى. دالىيەن شەھىرى جۇڭشەن رايونلۇق ئۆي ـ زېمىن باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى خۇي ۋەنخۇڭ شوپۇرلۇق تېخنىكىسىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، ماشىنىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەيدەپ، 350 مىڭ كىلومېتىر بىخەتەر يول يۈرۈپ، 230 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك قىممەت ياراتقان، 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە جەمئىي 2824 لېتىر ماي تېجەپ قالغان. ئۇ كۆپ قېتىم شەھەر بويىچە قائىدە ـ تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، بىخەتەر ئاپتوموبىل ھەيدەش ۋە ئېنېرگىيە تېجەش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇدا باشقارما ۋە ئىدارە بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ باھالانغان. بېنشى شەھىرىنىڭ لىشەن رايونى خولىيەنجەي كەنتىدىكى توخۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي ئائىلە لى شۇاڭچىڭ پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىش يولىغا ماڭغان. ئەسلى ئۇنىڭ ئائىلىسى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ھېساپلىناتتى، ئۇ 1981 ـ يىلى ئەتىيازدا قەرز ئېلىپ توخۇ بېقىشقا كىرىشكەن. توخۇنى كۆڭۈل قويۇپ بېقىش ئارقىلىق، 2 يىلدىن كېيىن قەرزنى قايتۇرغاننىڭ ئۈستىگە 3243 يۈەن پايدا ئالغان. قوشۇمچە كەسپ ئارقىلىق دېخانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە دېخانچىلىق ئارقىلىق قوشۇمچە كەسىپنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇ ئائىلىسى بويىچە ئۇرۇقلۇق ئېتىزى ۋە يەم ـ خەشەك ئېتىزىنى ھۆددىگە ئالغان. 1983 ـ يىلى، ئۇنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ۋە بازارنى تەمىنلىگەن 5 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق توخۇم، دۆلەتكە

سېتىپ بەرگەن ئاشلىق، كۆكتات ۋە دەرەخ كۆچىتى قاتارلىق مەھسۇلاتلاردىن قىلغان ئومۇمى كىرىمى 8900 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. ھازىر كەنت بويىچە كەسپىي ئائىلىلەر تەرەققى قىلىپ 30 دىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭغان. شېنياڭ شەھەرلىك قىزىل كىرىس جەمىيىتى دوختۇرخانىسىنىڭ باش دوختۇرى ۋاڭ داكۇي 30 يىلدىن بويان، داۋالاشنىڭ بىرىنچى سېپىدە خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئېغىر كېسەللەرنى ۋە خەۋپلىك كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان ھەمدە ھەمىشە كېسەللەرگە كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا يەتكەن، كېسەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى قاتتىق ھاياجانلانغان. گەرچە ئۇنىڭ يېشى ھازىر 50 تىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، جۇڭگو تىبابەتچىلىكىنى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى بىلەن غەرب تىبابەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭماقتا. دالىيەن شەھەرلىك مۇلازىملىق شىركىتى يۈگجى ساتراچخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكە بويىچە 1-دەرىجىلىك ساتراچ لىيەن لياڭچېن مۇلازىملىق كەسپىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ دەرىزىسى، ساتراچ — خەلق تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ ساتراچخانىدا قىزغىن بولۇپلا قالماي، ياشلارغا ئۆگىتىش، ياشلارنى يېتەكلەش، ياشلارغا ياردەم بېرىش بىلەن، خىزمەت قىلىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ساتراچخانا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان، ئۇ ”5 كە دىققەت قىلىش، 4 تە گۈزەل بولۇش، 3 نى قىزغىن سۆيۈش“ پائالىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن، زاۋۇت، مەكتەپ، مەھەللىلەرگە بېرىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى تەشۋىق قىلغان، شۇنىڭدەك ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ ساغلام روھى-تۇرقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن كۆركەم-گۈزەل چاش پوسۇنىنى لايىھەلەپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى گۈزەللەشتۈرۈش، مەنىۋى بۇلغىنىشنى تۇسۇش جەھەتلەردە ئاددى خىزمەت ئورنىدا گەۋدىلىك تۆھپە ياراتقان. يىغىندا يىڭكۇ ناھىيىلىك داشچاۋ مۇسۇلمانلار گۆش دۇكىنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جېنچېڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، دۇكاننىڭ كىرىمى ئارقىلىق مەسچىتنىڭ چىقىمىنى قامداش جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى تونۇشتۇردى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاشقا ھەركەتلەندۈرۈپ، قاسساپچىلىقنى يولغا قويۇپ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى قۇرغان، ئۇلار ھازىرغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا 51 مىڭ 800 يۈەن پايدا تاپقان، دۆلەتتىن پۇل تەلەپ قىلمايلا، كونىراپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن داشچاۋ مەسچىدىنى يېڭىۋاشتىن رېمونت قىلغان، يەنە كېلىپ ئاخۇنلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەسچىتنىڭ ھەممە چىقىملىرىنى كۆتەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ”مەسچىتلەر ئۆزىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش“ جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدە تەجرىبە ھاسىل قىلغان. شېنياڭ كان ئىدارىسى سەيدۇن كانى رودا توشۇش رايونىنىڭ مۇئاۋىن دۈيجاڭى، ئىدارە-كان بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى لى جېنتىڭ، بېنشى شەھەرلىك تيەشەنفۇ كۆمۈر كانىنىڭ ياپون تىلى ئوقۇتقۇچىسى، مۇھاجىر ئىشلىرى ئىلغارى جاڭ جىڭپو، فوشۇن شەھەرلىك 3-نېفىت زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى ليۇ فىڭشۆ، فاكۇ ناھىيىلىك كالا-قوي گۆشى دۇكىنىنىڭ مۇدىرى ليۇ يۆمىن، فاكۇ، خېيشيەن، تەيئەن ناھىيىلىرىدا مەسچىتتە ئاخۇنلۇق قىلىدىغان خا يۈنشياڭ، گۇدېۋېن، شى

ئېنگۋاڭ قاتارلىق ئاخۇنۇملار، جىنجۇ شەھەرلىك مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چاڭ يىنتىڭ، بېيجىڭ ناھىيىسى لۈياڭ يېزىسىنىڭ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ زاپخوزى بەي گولۇ قاتارلىقلارمۇ يىغىندا تەجرىبە تونۇشتۇردى.

يىغىنغا قاتناشقان مۇسۇلمانلار ۋەكىللىرى ۋە ئىسلام دىنى كەسپىي خادىملىرى بىردەك مۇنداق دەپ قارىدى: بۇ قېتىمقى يىغىندا 12-قۇرۇلتاينىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، شۇنداقلا يىغىن پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسى ۋە باش نىشانىغا بويسۇنۇپ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغىدى ھەمدە بىر قېتىم مىللى سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەت توغرىسىدا قايتا تەربىيە ئالدۇق. كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق چوڭقۇر تەربىيە، زور ئىلھام ئالغانلىقىنى، نىشانى ئايدىڭلىشىپ، غەيرىتىنىڭ ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بەزى ۋەكىللەر قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى: ئىلگىرى "سول" چىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، نورمال دىنىي ئېتىقاتىمىزمۇ سىياسى مەسىلە دەپ قارالغان ئىدى، ھازىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگى سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىزدەك دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئاممىنىڭ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىمىزنى قوزغىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر". سوتسىيالىزىم قۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىشى، شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى. ياشىنىپ قالغان بەزى ۋەكىللەر تەقدىرنامىنى تۇتقان ھالدا ھاياجانلانغىنىدىن مۇنداق دېيىشتى: ئىلگىرى دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىگىمىزمۇ يوق ئىدى، يىغىنلا ئېچىلسا تەنقىت قىلىناتتۇق، ئەدىۋىمىزنى يەيتتۇق، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپمۇ يۈرەلمەيتتۇق. "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان مەزگىللەردە، جېنىمىزدىن جاققىدە تويغان ئىدۇق. بۇنداق يىغىنغا قاتنىششىمىز ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرىپ باقمىغان. قىلغان ئازغىنە خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن بۈگۈن مۇكاپاتلاندۇق، راستلا ئۇزۇل-كېسىل قەد كۆتەردۇق. بۇ بىزگە نىسبەتەن پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزغا كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان شەرەپلىك ۋە بەختلىك ئىش بولدى. ئۇلار كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىشلەپ، پۈتۈن زېھنى-كۈچىنى ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىنغا قاتناشقانلار خوشال ھالدا، بۇ قېتىمقى يىغىن ئۆلكىمىزنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن يېڭى تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىپ بەردى، شۇنداقلا بۇ يىغىن ئۆلكە بويىچە ئىسلام جەمىيەتلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، دەپ ھىساپلىدى.

# جىڭيۇەن ناھىيىسى مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى راسا چىڭ تۇتتى

چى گاڭ زى چىڭ شاڭ يىڭ

گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان جىڭيۇەن ناھىيىسىدە 450 مىڭ ئاھالە بار. بۇنىڭ ئىچىدە 17 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئاھالىسى 5903 بولۇپ، بۇنىڭ 5544 نەپىرى خۇيزۇ، 58 نەپىرى دۇڭشياڭ مىللىتى.

جىڭيۇەن ناھىيىسى قۇرغاقچىلىق رايونغا كىرىدىغان بولۇپ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچىلەر، گومىنداڭ مىلىتارىستى ماخۇڭكۈينىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇشى، ئالۋاڭ سېلىشى ۋە دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى تۈپەيلىدىن، يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، تۇڭشىن، خەيیۇەن ۋە ۋۇجۇڭ قاتارلىق ناھىيىلەردىن قېچىپ كەلگەن. باش تىققۇدەك ئۆيى، يۇت قويغۇدەك يېرى بولماسلىقتەك ھالەت ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ھەممە مىللەت باپ-باراۋەر، دېگەن سىياسەتنى يولغا قويدى، جىڭيۇەن ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش قەد كۆتىرىپ، خوجايىن بولدى، ئۇلار مىللىي باراۋەرلىك سىياسىتىنىڭ نۇرىغا چۆمۈلدى. جىڭيۇەن ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا يەر-جاھاننى زىل-زىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى، بولۇپمۇ 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل كۈچەيتىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى راسا چىڭ تۇتۇپ، كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلدى.

1. مىللىي باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلدى؛ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرىدىن 5 كىشى بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي

سانىنىڭ 2 پىرسەنتىنى؛ ناھىيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەزالار 8 كىشى بولۇپ، ئومۇمى ئەزا سانىنىڭ 17.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمى كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشى دائىمى كومىتېت ئەزالىرى تەركىۋىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بار. ھازىر ناھىيە بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى ۋە كادىرلىرىدىن 156 كىشى بولۇپ، بۇلاردىن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقىنى 1 كىشى، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر 10 كىشى. ئاز سانلىق مىللەتلەر بىرقەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋۇلەن ۋە گۇڭخې يېزىلىرى ۋە شەھەر بازىرىدىكى ھەرقايسى مەھەللە، كوپېراتىپلاردا، ئاز سانلىق مىللەتتىن رەھبىرىي كادىرلار سەپلەندى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ، ھوقۇقىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاممىنىڭ پىكرىگە قۇلاق سالدۇ، خىزمەتلەردە ئاكتىپ رول ئوينىماقتا. ئاخۇنلار بىلەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ باشلامچىلىق رولىنى ئوينىماقتا.

2. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە دىنىي ئېتىقاتىغا ھۆرمەت قىلىندى: گۇڭخې يېزىسىدىكى قېرىنداش دادۇيىدىكى خەنزۇلار بىلەن خۇيزۇلار بىر تۇرۇبىنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، خەنزۇلارنىڭ ھېيت-بايراملىرى كەلگەندە، سۇ قىس بولۇپ كېتىپ، تولىمۇ قولايسىز بولاتتى. خۇيزۇلار سۇ تۇرۇبىسىدىن يەنە بىرنى ئورنىتىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ھەل قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئىدى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مۇزاكىرە قىلىپ، سۇ ئىنشائاتى مەبلىغى ۋە مىللى ئىشلار راسخودىدىن 6 مىڭ نەچچە يۈز يۈەن ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. چېڭگۈەن ۋە گۇڭخې يېزىلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ جامائەت قەۋرىستانلىغى ئۇزاق يىللار ئىشلىتىلگەچكە جەسەت قويغىدەك يەر قالمىغان ئىدى. چېڭگۈەن ۋە گۇڭخې يېزىلىرىنىڭ يېزىلىق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز ئارا كېڭىشىش ئارقىلىق، يېڭىۋاشتىن 30 مو يەر ئاجرىتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەۋرىستانلىق يېرى بولماسلىق ئەندىشىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تارقاقلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا ۋە كوپېراتىپلاردا، ھېيت-ئايەملەردە ۋە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدا خەنزۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار مىللى ئۆرپ-ئادەتكە ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىپ، ئىناق ئۆتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ "روزا ھېيت" ۋە "قۇربان ھېيت"لىرىدا ناھىيىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەر مەسچىتلەرگە ۋە بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىدى، ئۇلارنى يوقلىدى ۋە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ پىكىر ئالدى. ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك شىركەتلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر تاماقخانىلىرىنى گۆش بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، مەخسۇس قاساپ تۇرغۇزدى، مەخسۇس سايماندا توشۇدى، مەخسۇس ئورۇن ئاجرىتىپ تەمىنلىدى ۋە مەخسۇس ساتقۇچىلارنى بېكىتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خاتىرجەم بولۇپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى ۋە

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى. ۋەتەننى، دىننى سۆيۈش پرىنسىپى ئاستىدا، ھازىر مۇسۇلمانلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېكىگۈەن، گۈگخې يېزىلىرىدا، 6 ئورۇندا مەسچىت ئېچىپ بېرىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تەلىۋى قاندۇرۇلۇپ، دىنىي پائالىيەتلەر نورماللاشتۇرۇلدى.

3. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا پائال يار-يۆلەكتە بولدى: ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بەردى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1979-يىلدىن 1983-يىلغىچە چېكىگۈەن، گۈگخې ۋە جىگئەن قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە 45 مىڭ يۈەن پۇل ياردەم بەردى، بۇ پۇلغا ئۇلار بىر ئاپتوموبىل، ئىككى قول تراكتورى سېتىۋالدى ۋە بىر قۇدۇق قازدۇردى. ۋۇلەن يېزىسىنىڭ ئىتتىپاق كوپېراتىۋىدا، ئازاتلىقتىن ئىلگىرىدىن 1956-يىلغىچە، كوپېراتىپ بويىچە 141 ئائىلە، 953 كىشى بولۇپ، بىر پۈتمۈ يېرى يوق ئىدى، تىجارەتچىلىك، قىسقا يوللۇق ترانسپورت ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلاتتى، كىيىمى پۈتۈن، قوسىقى توق ئۆتمەيتتى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت 1966-يىلى ئۇلارغا ھەقسىز قۇتقۇزۇش مەبلىغى ئاجرىتىپ بېرىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئايرىم قورۇسى باز يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قورال-سايمانلىرى ئېلىپ بەردى، شۇنداقلا ناھىيىلىك ئورگانلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى ۋە مەكتەپلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ 900 مو سۇغۇرۇلىدىغان يەرنى، 100 مو بىنام يەرنى تۈزلەپ، ئەزالارنىڭ جان سانىغا ئاساسەن تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خوشال-خورام ۋە خاتىرجەم ھالدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. كېيىن يەنە كەينى-كەينىدىن 50 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى، ھازىر كوپېراتىپنىڭ 1 چوڭ تىپتىكى تراكتورى، 2 قول تراكتورى، 3 ئۇن زاۋۇدى، 2 سۇ تارتىش پومپىسى، 15 خېچىرى ۋە ئېتى، 70 ئىشىگى، 3 كالىسى، 600 تۇياقتىن ئارتۇق قويى بار. 70 تۇياقتىن ئارتۇق قويى بار ئائىلىدىن 2 سى بار. ئۇلار دېخانچىلىقنى قىزغىن سۆيگەچكە، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىپ، تۇجۇپىلەپ ئىشلەپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ كەلمەكتە. ئۇلار 1966-يىلدىن 1970-يىلغىچە ھەر يىلى دۆلەتتىن 120 نەچچە مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىپ يەيتتى، 1971-يىلدىن 1982-يىلغىچە دۆلەتكە 347 مىڭ جىڭ ئاشلىق غەللە-پاراق تاپشۇردى ۋە سېتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا يىللىق ئاشلىق نورمىسى 600 جىڭدىن يۇقىرى بولدى، قىسمەن ئائىلىلەرنىڭ 1000 جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار يەنە كۆپ خىل ئىگىلىكنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كۆز پەسلىدە ئېتىزغا تۇرۇپ چامغۇر تېرىشنى يولغا قويۇپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى 8 مىڭ جىڭدىن 10 مىڭ جىڭغىچە يەتكۈزدى. ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغانچە،

كوپېراتىپ بويىچە 5 ئائىلە تېلېۋىزور سېتىۋالدى. رادىيو، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك بار. ۋەلسىپىت بەزى ئائىلىلەردە 3 — 4 كە يەتتى. ھەممە ئائىلىلەردە يېڭى پوسۇندىكى ئۆي جابدۇقلىرى بار، قىز-يىگىتلەر ھەممىسى دېگۈدەك قول سائىتى تاقىدى. چېڭگۈەن يېزىسىنىڭ بېيجۇاڭ 1-كوپېراتىۋىدىكى خۇيزۇ دېخان جۇ يەنشياڭ 1979-يىلى باققان 40 تۇياق قوي كۆپىيىپ، 120 نەچچە تۇياققا يېتىپ، 1982-يىلى پادىچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى 1220 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن كىشى بېشىغا 81 يۈەن 50 فۇڭدىن توغرا كەلدى. خۇيزۇ كوپېراتىپ ئەزاسى ياڭ دىگرۇڭنىڭ ئائىلىسىدە 9 جان بولۇپ، سېغىن كالىدىن 3 نى باققان ئىدى، ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ سۈتتىن كىرگەن ساپ كىرىمى 3720 يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 413 يۈەندىن توغرا كەلدى. لىيۇجىڭفۇنىڭ باققان سېغىن كالىسى 1983-يىلى 7 گە كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 ئىنەكنىڭ كۈندىلىك سۈتى 75 جىڭغا يېتىدىغان بولۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا 4050 يۈەن كىرىم قىلدى، بۇنىڭدىن خىراجەتنى چىقىرىۋەتكەندە، 2700 يۈەن ساپ كىرىم بولۇپ، ئۇ ناھىيە بويىچە داڭلىق كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى.

4. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىغا پائال ياردەم بېرىلدى: ئوقۇش يېشىغا توشقان ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىش ئۈچۈن، 1980-يىلى، ناھىيىدىن 4000 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، جىڭشىەن يېزىسىنىڭ دياۋگۇ مۇسۇلمانلار كوپېراتىۋىنىڭ بىر كورپۇس دەرسخانە ۋە بىر ئىشخانا سېلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئورۇندۇق، ئۈستەل ياسىتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىپ بەردى، شۇنداق قىلىپ، دياۋگۇ مۇسۇلمانلار باشلانغۇچ مەكتىۋى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قىيىن بولۇشتەك مەسىلە ھەل قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، 13 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندىكى چېڭگۈەن ئوتتۇرا مەكتىۋى ۋە خۇگېزۇيىزى باشلانغۇچ مەكتىۋىگە كۆپەيتىپ دەرسخانا سېلىپ بېرىلدى، ئورۇندۇق، ئۈستەل ۋە ئوقۇش-ئوقۇتۇش مۇئەسسەسسى تولۇقلاپ بېرىلدى. يېقىندا، ناھىيىدىن يەنە 60 مىڭ يۈەن مەخسۇس مائارىپ راسخودى ئاجرىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان دۆڭگۈەندە مۇسۇلمانلار باشلانغۇچ مەكتىۋىدىن بىرنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، جىڭيۈەن ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى مەسىلىسى ئاسانلا ھەل بولدى. مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە سىفەن مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش مەسىلىسىدە، نومۇر ئۆلچىمىنى لايىغىدا تۆۋەنلىتىپ ئېتىۋار بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇلار ئالىي مەكتەپلەرگە چىقىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى. ھازىر ناھىيە بويىچە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 900 دىن ئاشىدۇ، ھۆكۈمەت ئىشتاتىدىكى ئوقۇتقۇچى

ۋە خىزمەتچىلەر 8، ئالى مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 3، ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلار 4، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 90 نەچچىگە يەتتى. ئوقۇش يېشىغا تولغان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 80 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتتى، بۇ، تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش.

5. ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلىنىپ، ئادەمگە قارىتىلغان سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى:

ئومۇمەن 1958-يىلدىن بۇيان خاتا بىر تەرەپ قىلىنغانلىكى دىنىي زاتلار ۋە ئامما ئۈستىدىكى ئەنزىلەر قايتا تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق، ئۈزۈل-كېسىل ئاقلاندى. بۇلاردىن ئىككى ئاخۇن ناھەيىلىك سىياسى مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمى ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" مەزگىلىدە تاغ ۋە يېزىلارغا چۈشۈرۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئارقىلىق، سىياسەتكە ئاساسەن، 36 ئائىلە، 208 كىشى شەھەر نوپۇسىغا ئېلىندى.

بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇنداق تېچ-ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەت ئۈستىدە گەپ ئېچىپ مۇنداق دېيىشتى: "پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مىللى، دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىزنىڭ مىللى ئىپتىخارىمىزنى ئاشۇردى، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت مىللەتلەر چوڭ ئائىلەسىنىڭ سۆيۈملۈك، ئىللىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ھىس قىلدۇق، بىز جەزمەن ئەمىلىي ھەركىتىمىز ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ بىزگە قىلغان غەمخورلۇقىغا جاۋاپ قايتۇرىمىز!"

# بىز ياخشى كۆرىدىغان چېن جۇنۋېن ئاخۇنۇم

ماۋيېجى

پىشقەدەم ئاخۇن چېن جۇنۋېن گەنسۇ ئۆلكىسى پىڭلياڭ شەھرىدىن بولۇپ، بۇ يىل 70 ياشتىن ئاشتى، ھازىر گۇيۇەن ناھىيىسى جۇڭخې مەسچىتىدە ئىمام بولماقتا. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن 5 ئەۋلات چوڭ ئىمام ئاخۇن چىققان. چېن جۇنۋېن ئاخۇن كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ دىنىي كىتاپلارنى بېرىلىپ ئوقۇغان، ياشلىق دەۋرىدە ئۆزىنىڭ تالانتىنى كۆرسىتىپ، 34 ياشتىن باشلاپلا ئاخۇن بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا ئىماملىق قىلىپ مەسچىت باشقۇردى. چېن جۇنۋېن ئاخۇنۇمنىڭ بىلىم سەۋىيىسى يۇقۇرى بولۇپ، ئۇ ئەخلاق-پەزىلەتلىك ئادەم، دىنىي ئەقىدىلەرنى ياخشى بىلىدۇ، ھازىر گۇيۇەن ۋە پىڭلياڭ ناھىيىلىرىدە ئابرويلۇق ئاخۇن بولۇپ، كەڭ خۇيزۇ ئاممىسىنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشتى. چېن جۇنۋېن ئاخۇن قۇرئان كېرىمنى ئەستايىدىل، دانىمۇ-دانە، ئوچۇق ۋە جاراڭلىق ئوقۇيدۇ، جۇمە كۈنلىرى ۋە ھېيت-ئايەملەردە يېقىن ئەتراپتىكى خۇيزۇ ئەر ۋە ئاياللار مەسچىتكە بېرىپ ئۇنىڭ "ۋەز"ىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. چېن جۇنۋېن ئاخۇنۇم سەممىي، ئاق كۆڭۈل بولۇپ، تۇرمۇشتا ئاددىي-ساددا ياشايدۇ، ئۇ چىقىشقاق ۋە يېقىملىق ئادەم، ئۆز نەپسىنى بېسىپ، مەردانىلىق بىلەن كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، نەچچە 10 يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىمام بولغاندىن باشقا، قۇربىنىڭ يېتىشىچە خەيرى-ساخاۋەت ئىشلىرىنى قىلىپ كەلدى. 1980-يىلى، بىر قېتىم ئۇ ئىمام بولغان ۋاقىت ئىچىدە كىشىلەر سەدىقە قىلغان 14 يوتقانلىق تاپشۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئىككىسىنى ئۆزى ئىشلىتىشكە ئېپقالغاندىن باشقا، قالغانلىرىنى كەمبەغەل مۇسۇلمانلارغا سەدىقە قىلىپ بەردى؛ جۇمە كۈنى، ئۇ دائىم قىيىنچىلىغى بار كىشىلەرگە سەدىقە بېرىدۇ؛ ئۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىمام بولغان ئاخۇنغا فىترى ئورنىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن 3000 جىڭ بۇغدايىنى ئالماي، "مەھەللىمىزنىڭ قىيىنچىلىغى كۆپ، بۇنى مەسچىتكە ئىشلەتسۇن" دىدى. مەسچىتتە خانىقا سېلىنغاندا، ئۇ 100 يۇەن ئىئانە قىلدى. ئۇ

دىنىي ئىشلارغا ۋە كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە ئامراق، ئۆزى بولسا مال-مۈلۈك توپلىمايدۇ، تاھازىرغىچە ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن 2 ئېغىز گەمدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ دائىم ئۆز پەرزەنتلىرىگە: "پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەخسى ئۈچۈن مال-مۈلۈك توپلاشنىڭ ئۆزى خاتالىقنىڭ باشلىنىشى، دىگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىڭلار......" دەيدۇ.

چېن جۇنۋېن ئاخۇن ۋەز ئېيتقاندا، چوڭقۇر ئەقىدىلەرنى چۈشەندۈرگەندىن باشقا، يەنە ئەمەلىي ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ كەڭ مۇسۇلمانلارغا: ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سۇ بىلگۈچ ھېساپلىنىدۇ، ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئومۇم بىلەن شەخسنى ئېنىق ئايرىش كېرەك، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ تەربىيە بېرىدۇ. چېن جۇنۋېن ئاخۇننىڭ تەلىم بېرىشى ئاستىدا، بىر مەھەل ئەۋج ئالغان ناچار كەيپىيات روشەن ھالدا ياخشىلاندى؛ چېن جۇنۋېن ئاخۇن يەنە مۇسۇلمانلارغا ئىتتىپاق بولۇپ دوستانە ئۆتۈش، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك دەپ تەربىيە بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ھۆكۈمەت ھەرقايسى جەھەتلەردە بىز ئازسانلىق مىللەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، بىز ئىرادىلىك بولۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم؛ ۋەتەننى سۆيۈش پەرزدۇر؛ بىز ئىسمى جىسمىغا لايىق مۇسۇلمان بولۇپ، دۆلەت قانۇنلىرىغا، دىنىي ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىشىمىز، خاتىرجەم ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئەسكىلىك قىلماسلىقىمىز كېرەك.

چېن جۇنۋېن ئاخۇن دىنىي دەرس ئۆتۈشتە ئەستايىدىل بولۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش ۋە دىنىي ئىستىلنى يۈكسەلدۈرۈشتە روشەن تۆھپە قوشتى، شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى. 1982-يىلى، چېن جۇنۋېن ئاخۇن شەنشى مەھەللىسى مەسچىتىگە ئىمام بولغاندا، كىچە-كۈندۈز دىنىي ئىشلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى يۈي تىڭجۈن بىلەن بىللە تەتقىق قىلىپ، لايىھە نۇسخىلىرىنى ئىشلەپ، ئاخىرى ھۆكۈمەتنىڭ سەممىي غەمخورلۇغى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھەيۋەتلىك، جۇڭگوچە ئۇسلۇپ بىلەن چەتئەلچە ئۇسلۇپ بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە خانىقا ياسىلىپ چىقتى، كەڭ-ئازادە بولغان تاھارەتخانىسىمۇ ياسىلىپ چىقتى، بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار خوشال-خۇراملىق بىلەن مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. كېيىن ئۇ يەنە جۇڭخې مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ باشلامچىلىغىدا، جۇڭخې مەسچىتىنى ياساش قۇرۇلۇشى باشلاندى، ھەرقايسى مەھەللىنىڭ ياردىمى ئاستىدا، كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك يەنە بىر خانىقا پۈتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار مىننەتدارلىق بىلەن: چېن جۇنۋېن ئاخۇنۇم ھەقىقەتەن بىز ياخشى كۆرىدىغان ئوبدان ئاخۇن دېيىشتى.

# خوەيشىڭسى مەسچىدىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرى

**گوەن ليەنجى ۋاڭ جىن**

گۇاڭجۇدىكى خوەيشىڭسى مەسچىدى، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئېلىمىزدىكى ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، ئۇ ئېلىمىزدىكى قەدىمقى مەشھۇر ئىسلام بىناكارلىقى بولۇپ ھىساپلە-نىدۇ، شۇنداقلا جۇڭگو بىلەن ئەرەپ ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، دوستانە بېرىش-كېلىشىنىڭ تارىخىي دەللىدۇر.

1981 - يىل 3 - ئايدا، جەنۇپنىڭ باھارلىق گۈللەر يەرمەنكىسى يېقىلا يېپىلىپ بولغان چاغدا، بىز ماشىنىغا چۈشۈپ جۇجياڭ دىلتىسىنىڭ يۇقۇرىسىغا جايلاشقان جەنۇپتىكى ئەڭ زور شەھەر گۇاڭجۇغا كېلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىمىز بىلەن، ئىزدەپ-سوراپ يۈرۈپ، ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن خوەيشىڭسى مەسچىدىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق.

گۇاڭتالۇ كوچىسىغا جايلاشقان خوەيشىڭسى مەسچىدىگە كىرىپلا جىمجىتلىق ھەم ئاسايىشلىق ھىس قىلدۇق. كارىدور بىلەن يۈرۈپ، گۈل ۋە دەل-دەرەخنىڭ باراقسان بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ رەتلىك سېلىنغانلىقىنى كۆردۇق. خوەيشىڭسى "خوەيشىڭ گۇاڭتاسى" دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. گۇاڭتا مۇنارى مەسچىت سەيناسىنىڭ سول بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، مەسچىت ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا قۇرۇلۇش ئىكەن. بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 36 مېتىر بولۇپ، ئۇ ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك-ھەشەمەتلىك، يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكىللىك مۇنار ئىكەن؛ مۇنارنىڭ چوققىسى بولۇتقا ياندىشىپ تۇرغاندەك، چوققىدىكى ئالتۇن قىرغاۋۇل بەلگىسى بۇرۇنلا ئۇچۇپ كەتكەن ئىكەن. مۇنار ئىچىدە بىر بىرىگە تۇتاشمايدىغان ئىككى شوتا بولۇپ، ئايلانما شەكىلدە چوققىغا تۇتىشىدىكەن. بىز ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىككى شوتا بىلەن مۇنار چوققىسىغا چىقتۇق ھەم شوتا پەلەمپىيىنى ساناپ باقساق، ھەر بىرى 154 پەلەمپەي ئىكەن. مۇنار شوتىسىنىڭ بىرنەچچە پەلەمپىيىگە توغرىلاپ سىرتنى كۆرۈش ئۈچۈن بىردىن تۆشۈك ئېچىلغان ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە،

گۇاڭتا مۇنارىرى سىمۇنت بىلەن پۇختىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان. بۇ مۇنار خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق جۇڭگوچە قەۋەتلىك مۇنارغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئەرەپچە بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىكەن. مۇنارنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، گۇاڭجۇ شەھرى مەنزىرىسىنى سەيلى قىلىپ كۆڭۈلنى يايراپ كەتتى.

بۇ مۇنار نېمە ئۈچۈن گۇاڭتا (نۇر مۇنارى) دەپ ئاتىلىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھەر خىل گەپلەر بار ئىكەن. گۇاڭتا مۇنارىنىڭ سىرتى يالتىراق بولغانلىقى، كۆپ بۇرجەكلىك قەۋەتلىك مۇنارغا ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان دېگۈچىلەر بار ئىكەن؛ ئەينى يىللاردا، مۇنار جۇجياڭ دەرياسى (ھازىر دەريا يولىنى ئۆزگەرتكەن) بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كېچىدە چىراق ئارقىلىق كېمىلەرگە يول كۆرسىتىپ بەرگەچكە شۇنداق دەپ ئاتالغان دېگۈچىلەرمۇ بار ئىكەن. بىزنىڭ تەھلىل قىلىشىمىزچە، بۇ مۇنارنى مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزى بويىچە ئويغىتىش مۇنارى، ئەزان مۇنارى، چاقىرىش مۇنارى دېيىش كېرەك. غەربىي شىمالدىكى خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ياغاچ مۇنار ياسايدۇ. بىز كۆرگەن خۇەيشېڭسى مەسچىتىنىڭ ئىمارەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇسلۇبى مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپ سانلىق مەسچىتلەرگە ئوخشاش بولۇپ، خانىقانىسىنىڭ ئۆگزىسى قەدىمىي بىناكارلىق قۇرۇلمىسى ئىكەن، مەسچىتنىڭ سول تەرىپىدە بىر راۋاق، مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ كەينىدىرەك بىر سەراپ بار ئىكەن. مەسچىت ئىچىدىكى كارىدورلاردىكى بېغىشلىما تاختىلىرى ئاساسەن بۇزۇلماپتۇ. مەسچىتنىڭ ئىچى پاكىز، يورۇق بولۇپ، سىماپ چىراقلار ئېسىلغان، سەراپ بەك چىرايلىق ياسالغان ئىكەن. پۈتكۈل مەسچىت، مۇنار بەك ئوبدان ئاسرىلىپتۇ. چۈنكى ئۇلار جۇڭگودا ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان ئىسلام دىنىغا دائىر قەدىمىي قۇرۇلۇش بولۇپ، قىممەتلىك تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، بۇرۇنلا ئۆلكە دەرىجىلىك ئاسرىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قىلىپ بېكىتىلىپتۇ.

خۇەيشېڭسى مەسچىتىنىڭ زادى قايسى يىللىرى سېلىنغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرىش تەس ئىكەن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا سېلىنغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىسلام دىنى جۇڭگوغا دېڭىز يولى ۋە قۇرۇغلۇق ئارقىلىق كىرگەن. تاڭ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق ئەللىرى بىلەن بولغان دېڭىز قاتنىشى ئالاقىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، نۇرغۇن پارس، ئۇلۇغ ياۋچى سودىگەرلەر جۇڭگوغا كېلىپ ئىسلام دىنىنى دېڭىز يولى بىلەن ئېلىمىزگە ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا، گۇاڭجۇ، ياڭجۇ، چۈەنجۇ، خاڭجۇلاردا مۇسۇلمان سودىگەرلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار مېھمان سودىگەرلەر دەپ، ئۇلار چۈشكەن سارايلار مېھمانلار سارىيى دەپ ئاتالغان ئىدى؛ بۇ مەسچىت تارىختا مېھمانلار مەسچىتى، مېھمانلار مۇنارى دەپمۇ ئاتالغان. بۇ ھال بۇ مەسچىتنى چەتئەللىك مۇھاجىر سودىگەرلەرنىڭ سالدۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بىر مەسچىت ئىچىگە ئېسىلغان بېغىشلىما تاختايغا يېزىلغان "تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ بىرىنچى يىلى سېلىنغان" دىگەن خەتلەرنى كۆردۇق. جېنگۇەننىڭ بىرىنچى يىلى مىلادى 627-يىلى بولۇپ، بۇ چاغ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان 6-يىلىغا، ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ چاغلاردا جۇڭگودا مەسچىت ياساش ئېھتىمالى چوڭ ئەمەس. لېكىن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن 300 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە باي مۇسۇلمان سودىگەرلەردىن گۇاڭجۇغا كەلگەنلەر كۆپ بولغان، جېنگۇەن دەۋرىدىن بىرئاز كېيىنرەك ۋاقىتلاردا مەسچىت سېلىش ئېھتىمالغا يېقىن. مەسچىت ئىچىدە يەنە بىرنەچچە بېغىشلىما تاختايلار بولۇپ، ئۇلارغا "بۈيۈك مىڭ سۇلالىسى چېڭخۇانىڭ 3-يىلى (1467-يىلى)"، "بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 34-يىلى (1695-يىلى)" ۋە "مىنگونىڭ 24-يىلى (1935-يىلى" دىگەنگە ئوخشاش مەسچىتنىڭ 3 قېتىم قايتا ياسالغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر يېزىلغان. بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتىپ ياساش ئارقىلىق قۇرۇلۇشنىڭ شەكلى دەسلەپكى چاغلاردىكىگە زور دەرىجىدە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغان.

ھازىر مەسچىتتە ساقلىنىۋاتقان ئەڭ دەسلەپكى يادنامە يۈەن سۇلالىسى جىزجېڭنىڭ 10-يىلى (1350-يىلى) 8-ئايدا تۇرغۇزۇلغان "خۇەيشېڭسى مەسچىدىنى قايتا سېلىش خاتىرىسى" بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇەيشېڭسى مەسچىدىنى لايىھەلەش، ياساش ئىشلىرىغا سىرتتىن كەلگەن ئۇستىلارنىڭ رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغانلىقى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەرنىڭ 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كەڭ تارقالغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار يېزىلغان. لېكىن يادنامىدە مەسچىتنىڭ كونكرېت سېلىنغان يىلى تىلغا ئېلىنمىغان.

خۇەيشېڭسى مەسچىدىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئېنىق ئاساس بولمىسىمۇ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە گۇاڭجۇدا مەسچىت بارلىقى راست. 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگوغا كەلگەن ئەرەپ سودىگەر سۇلايمان ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە گۇاڭجۇدىكى مېھمانلار سارىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغان: "بۇ يەردە بىر ئىسلام ئاقساقىلى، بىر مەسچىت بار ئىكەن، جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى گۇاڭجۇغا توپلانغان، مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو پادىشاسى بىر قازى تەيىنلەپتۇ...ھەر ھەپتىنىڭ بىرنەچچە كۈنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىنى قىرائەت قىلىدىكەن...ھەممىدە قۇرئان كېرىم، مەدرىس شىرىپ ۋە ئىسلام ئادىتى بويىچە ئىش قىلىدىكەن." بەزىلەر مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭدا يېزىلغان "مەسچىت" ئەينى چاغدىكى خۇەيشېڭسى مەسچىدى بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن دەپ پەرەز قىلىدىكەن.

كېيىن بىز گۇاڭجۇ مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىدا ساقلانغان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدا ياشىغان

فاڭ شىنرۇنىڭ «جەنۇبىي دېڭىزدا يېزىلغان 100 شېئىر» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى كۆردۇق، بۇنىڭدا «مېھمانلار مۇنارى» دېگەن شېئىر بولۇپ، شېئىرنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: "مېھمانلار مۇنارى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان بولۇپ، خۇەيشېڭسى مۇنارى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇرما شەكىللىك شوتا مۇنارنىڭ چوققىسىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 650 چى كېلىدۇ (بۇ توغرا ئەمەس)، زادىلا قەۋىتى يوق، ئۇنىڭغا قىرغاۋۇل بەلگىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، شامالغا قاراپ بۇرۇلىدۇ. ھەر يىلى 5-، 6-ئايلاردا تائىپىلەر داقا-دۇمباق ئېلىپ، مۇنارنىڭ چوققىسىغا چىقىپ يامغۇر تىلەيدۇ، ئاستىدا خانىقا بار." بۇ يەردە "چوققىسىغا چىقىپ" "يامغۇر تىلەيدۇ" دېگەن گەپ ئىچكى ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكتىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھال شۇ چاغدىكى ئىسلام دىنىغا بولغان چۈشەنچە ۋە تونۇش سەۋىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىر، گۇاڭجۇ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورنى مەسچىت ئىچىدە ئىكەن.

بىز خۇەيشېڭسى مەسچىدى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يەنە ئىختىيارسىز ھالدا ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ قۇرۇلۇشقا قول پۇلاڭلىتىپ يەنە بىر قېتىم خوشلاشتۇق. ئۇ گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى قەدىمىي مەشھۇر يادىكارلىقلارنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇپ، تۈرلۈك زامانىۋى قۇرۇلۇشلار دەل-دەرەختەك قەد كۆتىرىپ تۇرغان بۈگۈنكى گۇاڭجۇدا، ئۆزىنىڭ گۈزەل تۈرقى ۋە گۇاڭتانىڭ ھەيۋەت كۆرۈنۈشى بىلەن كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، شەھەرگە شان-شەرەپ قوشماقتا.

# يەنجى مەسچىدى

## خۇۋپىنمىك

يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناهييەسى شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى باينغولن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىغا جايلاشقان بولۇپ، شماليى شنجاڭ بىلەن جەنۇبيى شنجاڭ ئوتتۇرسىدىكى مۇهىم قاتناش تۈگۈنى ۋە بىرقەدەر ئاۋات قەدىمىي شەهەر هسابلىنىدۇ. ناهيە بويىچە 130 مڭدىن ئارتۇق ئاهالە بار؛ 1954 ـ يىلى خۇيزۇ ئاپتونوم ناهييەسى قۇرۇلۇپ، ئۆز مىللىتىدىن هاكىم سايلانغان.


يەنجى مەسچىدىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىن كۆچۈپ كەلگەن خۇيزۇلار چىڭ سۇلالىسى چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (ملادى 1777 ـ يىلى) سالدۇرغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا، ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىدا بۇزۇلغان ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 26 ـ يىلى رېمونت قىلىنغان، 1920 ـ يىلى يەنە رېمونت قىلىنغان.

يەنجى مەسچىدىنىڭ ئەسلى نامى گاۋفاڭ مەسچىدى بولۇپ، يەر كۆلىمى كىچىك، مۇسۇلمانلار كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگەن يېرى باشقا ـ باشقا بولغاچقا، كېيىن ئۇ بۆلۈنۈپ 8 مەهەللە مەسچىدىگە يەنى گاۋسى مەسچىدى، لىنگۇسى مەسچىدى، شىنىڭ گاسى مەسچىدى، چوڭ دۇڭفاڭسى مەسچىدى، كىچىك دۇڭفاڭسى مەسچىدى، شەنشى مەسچىدى، خېجۇ مەسچىدى، شىنىڭ (ئۈستۈن، تۆۋەن، ئوتتۇرا) مەسچىدى قاتارلىق 8 مەهەللە مەسچىدى قۇرۇلغان. گاۋسى مەسچىدى بولسا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىكرەك بىر مەسچىت بولۇپ هسابلىنىدۇ.

10 يىللىق مالىمانچىلىق داۋامىدا يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناهييەسىدىكى مەسچىتلەرمۇ ئېغىر

بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 3 ـ ئومۇمى يىغىندىن كېيىن، مىللى ۋە دىنىي سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، مەسچىتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە رېمونت قىلىندى، بۇ مەسچىتنىڭ خانىقاسى رېمونت قىلىندى، خانىقا ئۈستىدىكى يېڭى ئاي بەلگىسى يېڭىدىن ئورنىتىلدى، سەرراپخانا سېلىندى: يېڭىدىن دەرۋازا راۋىقى (سۇرەتكە قارالسۇن) سېلىندى. رېمونت قىلىنغاندىن كېيىنكى بۇ مەسچىت قۇرۇلۇشى قەدىمىي، شەكلى گۈزەل، ئورۇنلاشتۇرۇشى پۇختا ۋە ھەيۋەت ـ كۆركەم تۈسكە كىرگۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يازكۈنلىرىدە دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان بولۇپ كېتىدۇ، ئىچى ياپ ـ يېشىللىققا تولۇپ، خۇشبۇي گۈل ـ گىيالار ئېچىلىپ تۇرىدۇ، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، كەڭ مۇسۇلمانلار بۇ يەردە نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا: ئەمدىلىكتە ئىچىمىزدە ساقلاپ كەلگەن غۇم تۈگىتىلدى، ئىدىيىمىز ئازات بولدى، بىز ئېلىمىزنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بارلىقىمىزنى بېغىشلايمىز دېيىشمەكتە.



يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدىكى مەسچىتتىن بىر كۆرۈنۈش

سۇرەتنى خۇ ۋېنمىڭ تارتقان

# ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا

ما شەنيى

دائىمى مۇئاۋىن باش كاتىپ مۇھەممەت. بىن. ناسىر. ئابىدى موللام ئۆمەك باشلىغى بولغان 7 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىگىچە ئېلىمىزدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ، ئۈرۈمچى، قەشقەر، يىنچۈەن، تۇڭشىن، لەنجۇ، لىنشيا، دۇڭشياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى، شاڭخەي ۋە گۇاڭجۇلاردا زىيارەتتە بولۇپ، جايلاردىكى چوڭ ـ كىچىك مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلدى، جايلاردىكى مەشھۇر ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى سەيلى قىلدى، ئېلىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تارماقلىرىنى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازارلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچراشتى؛ ئۇلار خەلقىمىزنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. زىيارەت مەزگىلىدە، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ جىڭرېن، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ مەسئۇللىرى ئۇلار بىلەن سەممىي كۆرۈشتى؛ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا زىياپەت بېرىپ ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى؛ ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى، ئۇلار يەنە جايلاردىكى مەسچىتلەرگە سەدىقە بەردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ قېتىمقى زىيارىتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. جايلاردا قىزغىن كۈتۈۋېلىنغانلىقىغا قايتا ـ قايتا رەھمەت ئېيتتى. ئۆمەك باشلىقى نۇرغۇن قېتىم، مېنىڭ جۇڭگودا بولغان ۋاقتىم "ئۆمرۈمدىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىت بولدى" دېدى، ئۇلار، جۇڭگودا خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدىكىدەك ياشىدۇق، ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا ياشىدۇق، دېيىشتى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ، نىڭشيا ئاپتونوم رايونلىرى ۋە گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى زىيارەت قىلىش داۋامىدا، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، دىنىي سىياسىتىمىزنى ۋە ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەرقايسى

جەھەتلەردە چەكسىز غەمخورلۇقتا ئېرىشۋاتقانلىقىنى قىزغىن ماختاشتى. ئۈرۈمچىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆمەك باشلىقى مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دېدى: "جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى سىياسىتى دانا سىياسەت ئىكەن، '4 كىشىلىك گۇرۇھ' تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە شۇنچىۋالا كۆپ مەسچىتنىڭ ئېچىپ بېرىلىشى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئىشلارغا بولغان ساداقىتىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ھەرقايىسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياردىمىگە، جۈملىدىن بىزنىڭ ياردىمىمىزگە ئېرىشىشكە ھەقلىق." ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: "مۇسۇلمانلار پەرزەنتلىرىگە دىنىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن بىلىملىرى ئۆگىتىش كېرەك". ئابدى موللام مۇنداق دېدى: "بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مۇسۇلمانلار ئىچكى جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلار باشقا مىللەتلەر بىلەن تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممەيلەن پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىشى كېرەك، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەنپەئەتى بولمىسا، ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ مەنپەئەتى بولمايدۇ، دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس."

ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى مۇنىيى موللام مۇنداق دېدى: "جۇڭگو ئىشىكىنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋال ياخشىلىنىپتۇ، ئۇنىڭ خەلقارادىكى ئورنى بارغانسېرى ئۆسۈۋاتىدۇ، جۇڭگونىڭ دىنىي سىياسىتى ئىچكى-تاشقى جەھەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە يېقىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، جۇڭگو رەھبەرلىرى ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىنى بەلگىلەشتە مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان، سىلەر خەلققە ھەقىقىي دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكى بەردىڭلار، بۇنىسى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ۋە پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا ئايدىڭ، شۇڭا بىز سىلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشنى، سىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنى خالايمىز."

4-ئاينىڭ 20-كۈنى جۈمە كۈنى بولۇپ، ۋەكىللەر ئۆمىكى مەخسۇس ئېلىمىزنىڭ قەشقەر شەھىرىگە بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە زىيارەتتە بولدى. شۇ كۈنى، قەشقەردە ھاۋا ئوچۇق بولدى، ۋەكىللەر ئۆمىكى چۈشكەن ئايروپىلان قەشقەر ئايرودرومىغا قونغاندا، ساقلاپ تۇرغىلى خېلى بولغان 80 نەچچە ياشلىق ئىسلام ئۆلىماسى، قەشقەر ھېيتكا جامەسىنىڭ ئىمامى قاسىم قارى ھاجى ۋە نەچچە ئون ھەرقايسى ساھەلەردىكى زاتلار ۋەكىللەر ئالدىغا بېرىپ ئۇلار بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئەزىز مېھمانلارنىڭ زىيارەت ئۈچۈن قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇلار مېھمانلارغا مۇنداق دېدى: "قەشقەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىڭلار خۇددى ھېيت-ئايەم قىلغاندەك ھېسسىيات بىلەن سىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىڭلارنى كۈتمەكتە." ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ئايرودرومدىن مېھمانخانىغا كېتىۋېتىپ، ھېيتكا جامەسى ئالدىدىكى ئادەملەر دېڭىزىنى كۆرۈپ، بىر ئېغىزدىن "ئېخ! ماشائاللا (بەللى، بەك ياخشى)، نىمە دېگەن كۆپ ئادەم!" دېيىشتى. جۈمە نامىزىدىن كېيىن، ئۆمەك باشلىقى مۇسۇل-

مانلارغا سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن، مەككە ـ مەدىنىدىكى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشالىغىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە قوشقان تارىخىي تۆھپىسىنى مەدھىيىلىدى، ئۇ نۆۋەتلىك ھالدا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج ـ تاۋاپ قىلىشقا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: "كۆپچىلىكنىڭ كەبىگە بېرىپ ھەج ـ تاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھېسسىياتى چۈشىنىشلىك، لېكىن ھەج ـ تاۋاپ قىلىشنىڭ شەرتى بار، تېخى شەرت ـ شارائىت ھازىرلانماي تۇرۇپ ھەج ـ تاۋاپ قىلىشقا بولمايدۇ، مەملىكەت ئىچىدە تۇرۇپ دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەمدە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپمۇ ئاللاتائالانىڭ شەپقىتىگە مۇيەسسەر بولغىلى بولىدۇ." يەرلىك ئاما مەككىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلاندى؛ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھەممە ئەزاسى قەشقەردىكى بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنى باسالماي قالدى. ئۆمەكنىڭ ئەزەلدىنلا كەم سۆزلۈك بولغان ئەزاسى ئابدۇللا ھاياجانلانغان ھالدا بىزنىڭ قولىمىزنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: "جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مۇكەممەل ۋە كەمتۈكسىز ئىكەن، بۇ بەك ياخشى ئەھۋال، ناماز ئوقۇغانلار ئىچىدە ياشانغانلار، ياشلار بار ئىكەن، باللارمۇ بار ئىكەن، بۇ بىزنى بەك تەسىرلەندۈردى. تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭگودا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەبىئىي ئىپادىلەنگەن ئىدىيىۋى مۇھەببەتنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق، بىز ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن بىزگە نىسبەتەن چوڭقۇر قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان سەممىي مۇھەببەتنى كۆردۇق." يەرلىك ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن بولغان سۆھبەتتە، ئۆمەك باشلىقى ئابدى موللام مۇنداق دېدى: "بىز بۈگۈن ئىسلام مەدەنىيىتى-نىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەرگە زىيارەتكە كەلگەنلىكىمىز ئۈچۈن بەك خوشالمىز، بىز سىلەرنىڭ ئەجداتلىرىڭلارنىڭ بىلىم ئىزلەپ بىرمۇنچە ئەرەب ئەللىرى ۋە ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىمىز، بۇ قەشقەرنىڭلا شەرىپى ئەمەس، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭمۇ شەرىپى، ئىلىم ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىز قەشقەرگە قەرزدار، بىز بۈگۈن قەرز قايتۇرغىلى كەلدۇق، گەرچە بۇ يەرگە ئۇزۇن يول يۈرۈپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن قەشقەرلىك ئەجداتلار تارتقاندەك يول ئازابى تارتمىدۇق، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رەھمەت، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ، بىزگە شۇنچىۋالا كۆپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن رەھمەت، بىز بۇ سەپىرىمىزگە يارىشا قەشقەرنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك."

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى يىنچۈەن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ نىڭشىيانى زىيارەت قىلغان ۋاقتى ئاران 3 كۈنلا بولسىمۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى خېي بولىدىن تارتىپ ئادەتتىكى خادىملارغىچە، شۇنىڭدەك مېھماندوست نىڭشىيا خەلقى ۋە مۇسۇلمان-لىرى مېھمانلاردا چوڭقۇر ھەم ئۇنتۇلماس تەسىر قالدۇردى. ۋەكىللەر ئۆمىكى نىڭشىيادا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سېلىنغان مەسچىتلەرنى، مەسىلەن، يىنچۈەن شەھىرىدىكى نەنگۈەن جامەسىنى

ئېكىسكۇرسىيە قىلدى؛ تۇغۇشىنى بېرىپ 600 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغان قەدىمىي مەسچىتنى مەخسۇس ئېكىسكۇرسىيە قىلدى. يىنچۇەنگە قايتىش يولىدا، ئۈمەك باشلىقى تەسىرلەنگەن ھالدا زىيارەتتە ھەمرا بولغان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شۈيېغا مۇنداق دېدى: "مۇقەددەس مەككىگە يىراق بولغان بۇ جايدا، شۇنچىۋالا ياخشى مەسچىتنى، شۇنچىۋالا كۆپ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى كۆرۈپ چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلدۇق." ۋەكىللەر ئۈمىكى 5-ئاينىڭ 1-كۈنى، يامغۇرغا قارىماي يۈڭنىڭ ناھىيىسى ناجىياخۇ مەسچىدىنى ۋە لىڭۋۇ ناھىيىسىدىكى تەيزى مەسچىدىنى زىيارەت قىلدى، يەرلىك مۇسۇلمانلار ۋەكىللەر ئۈمىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، مىڭلىغان مۇسۇلمانلار يامغۇرغا قارىماي ئۈمەك باشلىقىنىڭ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قىلغان سۆزىنى ئاڭلىدى، ۋەكىللەر ئۈمىكى گۇگۇم چۈشكەن ۋاقىتتا يىنچۇەنگە قايتىپ كەلدى. بىر كۈنلۈك زىيارەتتە بەك چارچىغان، سىم-سىم يامغۇر كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن، ھەممەيلەننىڭ كەيپى غىچ پاتقاقتا مېڭىپ بولسىمۇ، مېھمانلار ھاياجانغا چۆمگەن، مۇقەددەس مەككىدىن يىراق جايدا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ روھىدىن تەسىرلەنگەن. تامامەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارچە بولغان بەختلىك مۇھەببەتكە غەرق بولغان ئىدى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئۇلار نىڭشيادا دىنىي سىياسەتنىڭ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى نىڭشيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، ئالدى بىلەن خۇيزۇ-خەنزۇ خەلقىنىڭ ئوبدان ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنىمۇ كۆردى. ۋەكىللەر ئۈمىكى لىڭۋۇ ناھىيىسىدىكى تەيزى مەسچىدىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندا، بۇ مەسچىتنى ئاما ئۆزلىرى پۇل يىغىش قىلىپ ياسىغانلىقىنى، خۇيزۇلارلا ئەمەس، بەزى يەرلىك خەنزۇلارنىڭمۇ مەسچىت ياساشقا پۇل ئىئانە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەك تەسىرلەندى. ئۈمەك باشلىقى: "بۇ دۆلەتتىكىلەردىكى ئىناق مىللىي مۇناسىۋەتنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي ئىتتىپاقلىقنى تولۇق نامايەن قىلىدۇ" دەپ ماختىدى.

ۋەكىللەر ئۈمىكى گەنسۇدا، لەنجۇنى زىيارەت قىلغاندىن تاشقىرى، مەخسۇس لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا بېرىپ زىيارەتتە بولدى، قايتىش يولىدا، دۇڭشياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنى زىيارەت قىلغاچ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، گەنسۇدا ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان ھەرقايسى جەھەتلەردىكى سىياسەتلەر ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن، ھازىر ئۆلكە بويىچە 2 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت ئېچىپ بېرىلگەن. ۋەكىللەر ئۈمىكى لەنجۇدىكى بەزى مەسچىتلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۈمەك باشلىقى ئۈمەك ئەزالىرىغا مۇنداق دېدى: "قاراڭلار، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار نامرات بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاتائالانىڭ ئىشلىرىغا شۇنچە تەقۋادارلىق قىلىشنى كىشىنى تەسىرلەندۈرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكنى قىسىپ مەسچىت ياسىغى ئاسان گەپ ئەمەس، بىز باي، ئاللانىڭ شەپقىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمىز، بۇلارغا ياردەم بېرىشىمىز، پۇلنى ئاللاتائالانىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرى ئۈچۈن خەجلىشىمىز كېرەك."

لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سېرىق توپا ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، ئۇنىڭ "كىچىك مەككە"

دىگەن نامى بولۇپ، پۈتۈن ئوبلاستتا 1 مىڭ 700 دىن ئارتۇق مەسچىت بار. ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، لىڭشىيا نەنگۈەن مەسچىدىدە جۈمە نامىزى ئوقۇدى، نامازغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى، ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇنداق دىنىي پائالىيەت سورۇنىنى كۆرۈپ بەك تەسىرلەندى، جۈمە نامىزىدىن كېيىن، ئۆمەك باشلىقى مۇنداق دىدى: "جۇڭگو ھەقىقى دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىكى بار دۆلەت ئىكەن، بىز تولۇق ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ھىساپلايمىزكى، جۇڭگودا ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، ئەگەر كىمەرسكى بۇنىڭدىن گۇمانلىنىدىكەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىمىز، بىز جۇڭگودا كۆرگەنلىرىمىزنى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىغا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىگە، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا يەتكۈزىمىز."

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شاڭخەي، گۇاڭجۇلارنى زىيارەت قىلغان ۋاقتى قىسقا بولدى، ئۇلار شاڭخەي، گۇاڭجۇلاردا مەسچىتلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغان، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئوقۇشقاندىن تاشقىرى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تارماقلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى ۋە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يولغا قويغان ئىشكى ئېچىۋېتىش سىياستىنى؛ ئېلىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئېتىۋار بېرىدىغانلىقىنى ماختاپ، جۇڭگو "سۆزى بىلەن ھەركىتى بىردەك" دۆلەت ئىكەن دەپ ھىساپلىدى. ئۆمەك باشلىقى ئابىدى مۇنداق دىدى: "جۇڭگودا، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبدان ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو خەلقى نۇرغۇن جەھەتلەردە بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدىكەن دەپ قارىدۇق." ئۇ پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دىدى: "'بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار' دىگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى مۇسۇلمانلارنى جۇڭگودىن ئۆگىنىشكە ئۈگىتىدۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزنى قىلغاندا جۇڭگودا مۇسۇلمانلار يوق ئىدى، دىمەك، بىز پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك."

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئېلىمىزدىكى دوستانە زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ قويۇق دوستلۇغىنى ئېلىپ گۇاڭجۇدىن چىقىپ شياڭگاڭ ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتتى. گۇاڭجۇ پويىز ئىستانسىسىدا مېھمانلارنى قىزغىن ئۇزىتىش يۈزىسىدىن تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر بارلىققا كەلدى. ئۆمەك باشلىقى ئابىدى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىز بىلەن قىزغىن خوشلاشتى، ھەممەيلەن ئاللاتائالادىن جۇڭگودا ياكى مۇكەررەم مەككىدە قايتا ئۇچرىشىشنى نىسىپ قىلىشنى تىلەشتى. ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان كۈنلەردە، مەن ئۇلار بىلەن ئەتىدىن كەچكىچە بىللە بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم، ئۇلارنىڭ جۇڭگو خەلقىغە ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان سەممىي ھەم پاك مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ھىس قىلدىم، ئۇلارنىڭ جۇڭگودا بولغان دوستانە زىيارىتىنى ئەسلىگىنىمدە دوستلۇق ھەم قېرىنداشلىق ھىسسىياتى بىلەن غەرق بولىمەن.

# مەككىلىك ئەزىز مېھمانلار نىڭشيادا

## — ئالىك —

دەسلەپكى ياز، يەر-جاھان يېشىل تون كىيگەن، تاغۇ-دەريالار گۈزەل تۈسكە كىرگەن ياخشى پەسىلدە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىدىكى كەڭ مۇسۇلمانلار مۇقەددەس مەككە مۇكەررە-مىدىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارنى — ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شۈبىنىڭ ھەمراھلىقىدا 4-ئاينىڭ 30-كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى — يىنچۇەنگە يېتىپ كېلىپ، نىڭشيادا 3 كۈن دوستانە زىيارەتتە بولدى.

موللام ئابدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى لەنجۇدىن پويىزغا چۈشۈپ يىنچۇەنگە يېتىپ كەلگەندە، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قۇدرەتۇللا ماتېڭئەي ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت ئىسمايىل مۇ يىلەن ھاجى ۋە يىنچۇەندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى قارشى ئالدى.

مۇئاۋىن مۇدىر ماتېڭئەي ئۆتكەن يىلى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ مەككىگە بارغان چاغدا، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىۋى موللام ئابدى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى، شۇنداقلا ئۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن ۋە ئۆز نامىدىن موللام ئابدىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا ۋە نىڭشيادا مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ قويغان ئىدى. 7 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار ۋەدىسى بويىچە نىڭشيادا ئۇچرىشىپ، قىزغىن قول ئېلىشىپ، ئىنتايىن قىزغىن ھالدا سالاملاشتى ۋە ئۆز-ئارا ھال-ئەھۋال سوراشتى.

مېھمانلار نىڭشيا مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىنلا، مېھمانخانىنىڭ رېمونت قىلىنىپ، يېپ-يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈلگەن خانىقاسىدا دىگەر نامىزىنى ئوقۇدى؛ ئاندىن ئاپتونوم

رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش يىغىنىغا قاتناشتى، يىغىندا 80 ياشلارغا كىرىپ قالغان مۇدىر مۇيلەن قىزغىن ھېسسىيات بىلەن قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى موللام ئابدىمۇ ئوخشاش ھېسسىيات بىلەن جاۋاپ نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بىز بۇ يەرگە كېلىپ، قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقىمىزغا بەكمۇ خۇشالمىز. بۇ دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنىڭ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى. بىز بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇسىدا بولۇپ كەلگەن ئىدۇق. بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشنى ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايمىز.

مېھمانلار يىنچۇەنگە كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى 1-ماي خەلقارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىغا توغرا كەلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ھۇسېين خېي بولى ھاجىم مېھمانخانىنىڭ جەنۇبىي زالىدا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى كەچلىك زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى. كۆرۈشۈش داۋامىدا ۋە زىياپەتتە ساھىپخان بىلەن مېھمانلار قىزغىن دوستانە سۆھبەتتە بولدى. رەئىس خېي بولى ئۆمەك باشلىقى ئابدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ نىڭشياغا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى؛ ئۇ ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا قوشقان تۆھپىسىنى مەدھىيىلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىشنى ۋە ھەر جەھەتلەردىكى ئالماشتۇرۇش ھەم ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۆمەك باشلىقى ئابدى خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: بىز نىڭشياغا كېلىپ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندەكلا ھېس قىلدۇق، بىز مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە بولغان مۇھەببىتىنى كۆردۇق. بىز نىڭشيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدۇق، بولۇپمۇ قۇمنى تىزگىنلەش جەھەتتە ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىپسىلەر، بۇ جەھەتتىكى تەجرىبەڭلار ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئۇ دۇنيالىق ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپلا قالماي، بۇ دۇنيالىق ئىشلارنىمۇ ئوبدان ئىشلىشىمىز، ئۆز دۆلىتىمىزنى ئوبدان گۈللەندۈرۈشىمىز لازىم. بىز نىڭشيادا ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى ۋە كۆرگەنلىرىمىزنى دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا ئەينەن تونۇشتۇرۇشنى خالايمىز. ئابدى خېي بولىغا سىزنىڭ 1964-يىلى مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ قىلغىنىڭىزغا ھازىر 20 يىل بوپتۇ، ئەمدى نەپلى ھەج قىلىشقا بېرىڭ. ئۇ يەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى 20 يىلدىن ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ھەر جەھەتتىن زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىز سىز بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاندا 2-ۋە 3-قېتىم كۆرۈشۈشنى ئۈمىت قىلىمىز، دېدى. كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، رەئىس خېي بولى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە نىڭشيا شىزۈيشەن فار-فۇر زاۋۇتىدا ئىشلەنگەن قەدىمقى نۇسخىلىق يېشىل گۈللۈك چىنە تەخسە، ئالقات قاتارلىق ئالاھىدە

مەھسۇلاتلارنى خاتىرە يۈزىسىدىن سوغا قىلدى. ئۆمەك باشلىقى ئابدىمۇ خاتىرە بۇيۇمى سوغا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلار ساھىپخان بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشتى.

كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ۋەكىللەر ئۆمىكى يىنچۈەن شەھىرىدىكى يېڭىدىن سېلىنغان نەنگۇەن جامەسى، قەدىمىي تۇسكە ئىگە جۇڭۋېي مەسچىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاخونلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. مېھمانلار ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۈسۈپ ليۇجىڭلۇڭ ھاجىنىڭ نىڭشيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى ھەم تەسەۋۋۇرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى. ئەزىز مېھمانلار نەنگۇەن جامەسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ئۆمەك باشلىقى ئابدى خاتىرە قالدۇرۇش دەپتىرىگە مۇنداق دەپ يازدى: "ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگوغا كېلىپ، بۇ يېڭى پوسۇندا سېلىنغان مەسچىتنى ئىنتايىن خۇشال ھالدا ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، قاتتىق تەسىرلەندۇق. بۇ، مۇشۇ مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى. ئاللا كۆپچىلىكنى تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە نېسىپ قىلغاي". ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، قىزغىن قارشى ئېلىندى. موللام ئابدى دەرس ئۆتۈش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، كۇرسانتلارغا سۆز قىلدى ھەمدە كۇرسانتلارغا قايتا ـ قايتىلاپ، ئوبدان ئۆگىنىڭلار، مۇسۇلمانلارنىڭ سىلەرگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويماي، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان باشقۇرۇپ بېرىدىغان لاياقەتلىك ئىمام بولۇپ چىقىڭلار، دېدى.

"پەيتىدە يېغىلغان يامغۇر مەۋسۇمدىن خەۋەر بېرىدۇ"، 1 ـ ماي كۈنى چۈشتىن كېيىن، خېلەن-شەن تېغىنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن ئىدى. مېھمانلار ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نۇخ مىيەن ۋېيلىن ھاجى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا يامغۇرغا قارىماي ماشىنىغا چۈشۈپ، يۈەن سولالىسى دەۋرىدە زور تۆھپە ياراتقان سەييىد شەمسىددىن ئۆمەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرى بولغان يۈگىنىڭ ناھىيىسى ناجياخۇ دېگەن جايغا يۈرۈپ كەتتى، يول ئۈستىدە لىڭۋۇ ناھىيىسىدىكى تەيزى مەسچىدىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مېھمانلار ناجياخۇغا يېتىپ بارغاندا، يامغۇرغا قارىماي مەسچىتنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ تۇرغان مىڭلىغان مۇسۇلمانلار تەڭلا "ئەسسالامۇئەلەيكۇم" دەپ سالاملاشتى ۋە ئەزىز مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەزىز مېھمانلار ناجياخۇ مەسچىدى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشنى ئاڭلىدى ھەمدە ئىنتايىن خۇشال ھالدا، تۈرلۈك دىنىي كىتاپلارنى زور قىزىقىش بىلەن ۋاراقلاپ كۆردى. ئۆمەك ئەزاسى مۇھەممەت بەكرى ھەسەن شەيخ شۇ ئەسنادا قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن بىر قۇرئان كەرىمنى كۆرۈپ، خۇشال ھالدا: بۇ سەئۇدىلارنىڭ پوچۇركىسى، بۇ خېلى قەدىمىي ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك ھېساپلىنىدۇ؛ بۇ، مەككىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇرۇنمۇ ئالاقە قىلغانلىقىنى

ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، دېدى. موللام ئابىدى مۇنداق دېدى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن مەككىدىكى
مۇسۇلمانلار قەلبداش. لىڭۋۇ ناھىيىسىدىكى تەيزى مەسچىدىگە بارغاندا، مېھمانلار بىر مۇسۇلماننىڭ
ئۆيىدە مېھمان بولدى ھەم مېھمانلار ئۆي ئىگىسىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىغاندا، ئۆي ئە-
گىسى ئۇلارغا، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى ئوبدان بولغاچقا، كىرىمىنىڭمۇ يىلدىن
يىلغا ئېشىۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇشىنىڭمۇ ناھايىتى ئوبدان كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، ئۆي ئىگىسى
سۆزلەپ، بىر ئوغلىنىڭ ئالى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، مېھمانلار ئۆي سەرەمجانلىرىغا
قارىغاچ ماختىغان ھالدا، بۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلى-
غىنى ۋە دىنىي تۇرمۇشىنىمۇ شۇنداق ئوبدان ساقلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خوشال بولدۇق،
دېيىشتى. مېھمانلار قايتقاندا، موللام ئابىدى تەيزى مەسچىدىنىڭ ئىمامى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق
ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسھاق جاڭ شۆمىڭ ھاجى بىلەن قول ئېلىشىپ ۋە قۇچاق-
لىشىپ كۆرۈشتى ھەمدە مەككىدە كۆرۈشكىلى، يىنچۇەندە كۆرۈشكىلى ياكى جەننەتتە كۆرۈشكىلى
نېسىپ بولسۇن دېيىشتى.

2-ماي كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، تاڭ نۇرى يەرگە شولىسىنى چېچىپ تۇراتتى. ئەتىگەن-
دىلا، ئۆمەك باشلىقى ئابىدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، نىڭشيادىكى زىيارەتخا-
نىڭ ئاخىرقى بېكىتى — تۇڭشىندىكى بازار مەسچىدىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ماشىنىلار
يىنچۇەندىن قوزغىلىپ، جەنۇپقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، ئۇلار يۇڭنىڭ، چىڭتۇڭشيا ئارقىلىق خۇاڭ-
خې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، لىڭۋۇ، ۋۇجوڭ، جوڭنىڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، نىڭشيانىڭ
قەدىمىي سۇغۇرۇش رايونى بولغان يىنچۇەن ۋە ۋېينىڭ تۈزلەڭلىكىنى كېزىپ چىقتى. يول بويى
بۈك-باراقسان دەرەخنىڭ سايىسى سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ، خۇددى جياڭنەننىڭ گۈزەل مەن-
زىرىسىنى ئەسلىتەتتى، ماشىنا جوڭنىڭنىڭ چاڭشەنتۇ تېغىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كۆز ئالدىمىزدا
باشقىچە بىر مەنزىرە پەيدا بولدى. بىر بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يىراقتىكى تاغلار، يېقىندىكى
چوققىلار ۋە ئەگرى-بۈگرى يوللار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، يول ياقىسىدىكى يانتاقلارمۇ ئەم-
دىلا كۆكىرىشكە باشلىغان ئىدى. كەڭ مۇسۇلمانلار رايونىغا قاراپ ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۈيىمۇ مېھمانلارنىڭ سەپىرىگە ھەمراھ بولغان ئىدى. شۇ ئەسنادا، قوي
تېرىسىدىن جۇۋا يېپىنىۋالغان بىر مۇسۇلمان بوۋاي تۆگىگە مىنىپ كۆتىرەڭگۈ ھالەتتە كېلىۋاتقانلىقى
ئەزىز مېھمانلارغا چېلىقتى. ئۇلار بۇ تۆگىنىڭ ئەرەپ يېرىم ئارىلىدىكى بىر ئوركەشلىك تۆگىگە
ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۆركەشلىك تۆگە ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، بۇ مۇسۇلماننى توختىتىپ
رەسىمگە تارتىۋالدى. ماشىنا يېڭىدىن ئېچىلغان تۇڭشىن ناھىيىسىنىڭ شەھەر رايونىغا كىرىشى
بىلەنلا، دۆڭدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرغان تۇڭشىن مەسچىتى يىراقتىنلا ئۇلارنىڭ
كۆزىگە چېلىقتى. مېھمانلار جانلىنىپ كەتتى، ئۇلار، ئۈزۈندىن بېرى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ تۇر-

غان جايغا ئاخىرى يېتىپ كەلدى. مەسچىتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا توپلىشىپ تۇرغان 3 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان قېرىنداشلارچە مۇھەببەت بىلەن مېھمانلار تەرەپكە قاراپ ئېتىلدى، "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم" دېگەن ئاۋازلار ئۇزۇلمەي داۋام قىلىپ تۇردى. مېھمانلار مەسچىتنىڭ ھەممە يەرلىرىنى، يەنى ھەيۋەتلىك خانىقاسىنى، قەدىمىي راۋاق شەكلىدە سېلىنغان مۇنارىنى ۋە قۇرۇلۇشلارغا ئويۇلغان نەپىس نەقىشلىرىنى تەپسىلى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. مېھمانلار بۇ مەسچىتنى سېلىشتىكى يۇكسەك بىناكارلىق سەنئىتىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كەتتى. ئۆمەك باشلىقى ئابدى خوشال ھالدا سۆزلەپ مۇنداق دېدى: تۇغشىن ناھىيىسى چېڭگۇەن بازىرىدىكى مەسچىت بىز ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن جاي، بىزنىڭ بۇ ئارزۇيىمىز بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى، شۇڭا ئىنتايىن خوشالمىز. بۇ مەسچىت 600 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن قەدىمىي مەسچىت، ئۇ بىر قانچە سۇلالە ۋە كۆپ قېتىملىق توپىلاڭنى باشتىن كەچۈرگەچكە، شەھەر قالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ مەسچىت يەنىلا ساقلىنىپ قالغان، بۇ، ئاللاتائالانىڭ كارامىتى. شۇنداقلا بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى رەھبەرلىرىنىڭ دانالىقىنى، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنىڭ ئوبدان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن 700 يىل ئىلگىرى بىر ئەرەپ ئۆلىماسى ئىبنى بەتۇتە ئۆزىنىڭ مەشھۇر ساياھەت خاتىرىسىدە، جۇڭگودا مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئۇزاق مۇددەت بىرگە تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى يازغان. ئەزىز مېھماننىڭ سۆزى قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە قارشى ئېلىندى. بۇ چاغدا كۈن قېيىغان ئىدى. مېھمانلار شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە سەراپىتا تاھارەت ئېلىپ، ئىمام بىلال لى گوخۇانىڭ ئىماملىقىدا پېشىن نامىزىنى ئۆتىدى.

ئاندىن كېيىن، مېھمانلار مۇسۇلمان دىڭ لياڭچېڭنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى. ئۆي ئىگىسىنىڭ قورۇسى بايرام تۈسىگە كىرگەن ئىدى. مېھمانلار تەكلىپكە ئاساسەن، كاڭنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ئۆي ئىگىسى مىزىلىك قىلىپ دەملەنگەن چاي كەلتۈردى، مېھمانلار ساڭزا، ئەشمە قۇيماق، يۇگو، پوشكال قاتارلىق ھېيت تائاملىرىغا تەكلىپ قىلىندى؛ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، پاخلان شورپىسى، قوي گۆشى، داڭقان شورپىسى، توخۇ شورپىسى، ئاچال سەي قورۇمىسى، مۇئېر قورۇمىسى ۋە لەغمەن قاتارلىق يەرلىك پۇراقىغا ئىگە تائاملار كەلتۈرۈلدى. مېھماندوس ساھىپخان مېھمانلارنىڭ قاچىلىرىغا توختىماي تائام تولدۇرۇپ تۇردى، ئولتۇرۇش شات-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتتى. ئۆمەك باشلىقى ئابدى خوشال ھالدا، بىز يىراق مەككىدىن تۇغشىنغا كېلىپ، تەمى ئەرەپ تائاملىرىنىڭ تەمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان تاماقلارنى يېدۇق، دېدى. مولللام ئابدى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئائىلىسىگە تېچ-ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى، ۋەكىللەر ئۆمىگىدىكىلەر ئۇچۇن مول تائاملارنى راسلىغان ئايال ساھىپخان ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن سالاملاشتى. ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە رەسىمگە چۈشتى.

مېھمانلار قايتىش ئالدىدا، تۇغشىنلىك مېھماندوس مۇسۇلمانلار چوڭقۇر قېرىنداشلىق مۇھەب-

# لىۋىيە مۇخبىرى بەرگى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولدى


**دىلى ۋېن**

لىۋىيە دىنىي تەشۋىق قىلىش جەمىيىتىنىڭ
مەتبۇئاتى بولغان «گىخاد» ژۇرنىلىنىڭ مۇخبىرى
بەرگى جۇڭگو ئىسلام جەمىيىتىنىڭ تەكلىۋىگە
بىنائەن، بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 5 ـ
ئاينىڭ 8 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلىمىزدە
زىيارەتتە بولـدى. ئەزىز مېهمان ئىلگىرى ـ
كېيىن بولۇپ بېيجىڭ، شىنياڭ، ئەنشەن ۋە
دالىيەن قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ،
دىنىي ساھەدىكى زاتلار، ئۆلىمالار بىلەن
كۆرۈشتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلىلىرىنى زىيارەت
قىلدى، ھەرقايسى جايلاردىكى مەسچىتلەرنى
ۋە ئەنشەن پولات زاۋۇدى قاتارلىق زاۋۇت ـ
كانلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدى، ھەرقايسى
جايلاردىكى مەشھۇر ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى
سەيلى ـ تاماشا قىلدى؛ زىيارەت قىلىش داۋامىدا
ئۇنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇڭگو ئىسلام
جەمىيىتىنىڭ مۇدىرى جاڭ جيې، گوۋۇيۇەن
دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ۋەن ياۋبىن قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدەك ھەر ـ
قايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلار ئۇنى قىزغىن
قارشى ئالدى. بەرگى ئەپەندى: بۇنىڭدىن
بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن، جۇڭگودىكى
ھەر مىللەت خەلقى ئەرەپ ۋە پېرسىيە قاتارلىق
جايلاردىن كەلگەن مۇسۇلمانلارنى مەردانىلىق
بىلەن كۈتۈۋالغان ئىدى؛ دەل جۇڭگو خەلقى ـ
نىڭ قىزغىنلىقى ۋە مېهماندوستلۇقى ئارقىسىدا،
چەتئەللەردىن كەلگەن بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ
بەزىلىرى جۇڭگودا ماكانلىشىپ قالغان ئىدى؛
ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات
دوستانە ئۆتۈپ، بىرلىكتە بۇ گۈزەل دۆلەتنى
ۋە قەدىمىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلدى؛ جۇڭگو
مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن تېخىمۇ
ئوبدان ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك
ۋەتىنىنى بىرلىكتە گۈللەندۈرۈشىنى ئۈمىت
قىلىمەن، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتتى. بەرگى
ئەپەندى قايتىپ بارغاندىن كېيىن جۇڭگودا
كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ماقالە قىلىپ يېزىپ
تونۇشتۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلدۈردى.

بىتى بىلەن، يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا يىغىلىپ، قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ، مېهمانلارنىڭ يەنە كېلىشىنى
ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ۋەكىللەر ئۈمىگىنىڭ بىر ئەزاسى چوڭقۇر ھېسسىياتتا، بىز
مەككىدىن كېلىپ، بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندۇق، بىز بۇ يەردە كۆرگەنلىرىمىز ـ
نىڭ ھەممىسىنى كىتاپ قىلىپ يېزىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا تونۇشتۇ ـ
رىمىز، دېدى.

گۇاڭجۇدىكى خۇەيشېڭسى مەسچىتىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى







ئايغا قاراش راۋىقى

خانىقا

زال



مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇماقتا.



بۇ ژورنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى ئوسمان
موللەك، ما شىگۈرىن، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى


中国穆斯林（维吾尔文版）1984年 **第 4 期**（总17期）　　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1984 - يىل 4 - سان

出版：中国穆斯林编辑部
地址：北京宣武区南横西街103号
印刷：民族印刷厂
制版：北京市制版厂
订购发行：北京伊斯兰教经书流通处
地址：北京宣武区南横西街103号

نەشر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۇۋ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا)
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇدى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتاپلىرىنى سېتىش ئورنى
(بېيجىڭ شۈەنۇۋ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103 - قورا)

北京市期刊登记证第837号　　• 公开发行 •　　每册定价：0.30元